ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل

# ئەخمەت ئەپەندىم

(ھېكايىلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

艾合买提先生/阿曼努尔·阿布都肉苏里著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.7

ISBN 7－228－08191－9

Ⅰ.艾…　Ⅱ.阿…　Ⅲ.艾合买提先生—生平事迹—维吾尔语(中国少数民族语言)　Ⅳ.K828.715


中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 063355 号

责任编辑:艾加尔古丽·吐尔逊
责任校对:阿斯亚·艾合买提
封面设计:古尔克孜·吾买尔江

艾合买提先生(维吾尔文)
(短篇小说)
阿曼努尔·阿布都肉苏里　著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001)
新疆新华书店发行　新疆畜牧印刷厂印刷
787×1092 毫米　32 开本　4.75 印张　40 插页
2003 年 8 月第 1 版　2003 年 8 月第 1 次印刷
印数:1—5000

ISBN 7－228－08191－9　定价:10.00 元



ئەحمەت ئەپەندیم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋەكىللىرى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى. ئالدىنقى رەت سولدىن: ① موسكالىيوف، ② رەھىمجان سابىرھاجى، ③ باشباي، ④ ھاكىمبەگ غوجا، ⑤ ئېلىخان تۆرە، ⑥ ئابدۇمۇتائالى خەلىپەم، ⑦ مۇھەممەتجان مەخسۇم، ⑧ جەمشى مەمىيوف.

ئارقا رەت سولدىن: ③ ئەخمەت ئەپەندىم، ⑤ ئابدۇرۇپ مەخسۇم، ⑥ ئەنۋەر مۇسابايوف.



1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە مېڭىش ئالدىدا غۇلجىدىكى ھەرساھە كىشىلىرى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى. ئوڭدىن ① ئەخمەت ئەپەندىم، ④ رەھىمجان سابىر ھاجى.



ئەخمەت ئەپەندىم




ئەخمەت ئەپەندىم



سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: سەيپىدىن ئەزىزى، ئەخمەت ئەپەندىم، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف

www.uyghurkitap.com



1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدۇ. سەھنىدە ئوڭ-دىن سولغا: يۈيۈۋېن، جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەت ئەپەندىم، بۇرھان شەھىدى، دەللىلقان سۇگۇرباييوق، خادىۋاڭ.



1946 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قوروسىدا بىر قىسىم خادىملار بىلەن بىللە.



1945 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تىنچلىق سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈ-
رۈمچىگە كېلىپ بىر قىسىم سودا ـ سانائەتچىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

سۈرەتتە: ① ئەخمەت ئەپەندىم، ② ئوبۇلخەيرى تۆرە، ③ رەھىمجان سابىر ھاجى.



ئەخمەت ئەپەندىم ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈ-
مىتىنىڭ قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنىدا سۆز قىلىۋاتىدۇ.



ئەخمەت ئەپەندىم 11 ماددىلىق تىنچلىق
بىتىمىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى تۈزۈۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن جاڭ جىجۇڭ غۇلجا ئايرودرومىدا.



1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەت ئەپەندىملەر ئىلى كەڭ سايغا بارغاندا، ساقچىخانا ئالدىدا چۈشكەن سۈرەت. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا: ③ چۇ ۋۇ، ④ ئەخمەت ئەپەندىم، ⑤ جاڭ جىجۇڭ، ⑥ ھاكىمبەك غوجا، ⑦ ليۇ زىرۇڭ.



1946 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا قالتىس خىزمەت كۆرسەتكەن ئىلقا پارتىزانلىرى بىلەن بىللە. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: ① غېنى باتۇر، ② ئەخمەت ئەپەندىم، ③ پاتىخ باتۇر. ئىككىنچى رەت ئوڭدىن: ② ئوسمان، ④ هوشۇر، ⑤ رەپىق.



1946 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئىلىغا بارغاندا ئەخمەت ئەپەندىم ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. سولدىن ئوڭغا: ③ ئەخمەت ئەپەندىم، ④ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى.



1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مەمۇرىيىتىنىڭ باشلىقى سۇڭ زىۋېن (سۇڭ جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ كىچىك ئوغلى) ئۆز سارىيىدا ئەخمەت ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنى كۈتۈۋالدى.



1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جياڭ جيېشى نەنجىڭدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. سولدىن ئوڭغا: ④ خادىۋاڭ، ⑤ جياڭ جيېشى، ⑥ ئەخمەت ئەپەندىم، ⑧ شاۋ لىزى، ⑨ ئابدۇكېرىم ئابباسوف.



1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گومىنداخۇيگە قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئايروپىلان بىلەن شاڭخەيگە بېرىپ، ئۇ يەردىن پويىز بىلەن نەنجىڭ ۋوگزالىغا كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئەر-بابلىرىدىن لى زۇڭرېن قاتارلىقلار قىزغىن كۈتۈۋالدى. سولدىن ئوڭغا: ② لى زۇڭرېن، ③ ئەخمەت ئە-پەندىم، ④ ئابدۇكېرىم ئابباسوف.



1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جياڭ جيېشى نەنجىڭدا ئەخمەت ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گومىنداڭ رېئونزىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈيۈۋىن ئەخمەت ئە-
پەندىملەرگە ھەمراھ بولۇپ، قورۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مانېۋرىنى كۆرۈۋاتىدۇ.



1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەخمەت
ئەپەندىم نەنجىڭدا باللار يەسلىسىنى
ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتىدۇ.




1946 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىملەر نەنجىڭگە بارغاندا، جاڭ جىجۇڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.



1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭ ئەخمەت ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم ئاباسوفلار بىلەن خاتىرە سۈ-
رەتكە چۈشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1946 ـ يىلى 11 ـ ئـاي جيـاڭ جيڭگو نەنجىن شىشياشەن تېغىدا دالا زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدۇ. سۈرەتتە: ئەخ- مەت ئەپەندىم سۆز قىلىۋاتىدۇ.



1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم چىڭداۋ دېڭىز بويىدا.



1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جياڭ جيېشىنىڭ ئوغلى جياڭ جىڭگو شىنجاڭ ۋەكىللىر ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇپ، نەنجىڭنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ. سۈرەتتە: جياڭ جىڭگو، ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىقلار.



1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جياڭ جىڭگو ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىقلارغا ھەمراھ بولۇپ، نەنجىڭ شىشـ
ياشەن تېغىنى تاماشا قىلدۇرۇۋاتىدۇ.



ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف نەنجىڭدىن قايتىش سەپىرىدە لەنجۇدا.



1946 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجا شەھىرى تۇغرا كۆۋرۈكتىكى تۇغۇلغان ئۆيى ئالدىدا.



1947 ـ يىلى 2 ـ ئاي، ئەخمەت ئەپەندىم تۇرپان يولىدا.



1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف نەنجاڭ شەھىرىدە.



1946 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم، ئابدۇكېرىم ئاببасوفلار شائخەي شەھىرىدە توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭ ئەخمەت ئەپەندىملەر قەشقەردە خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ① ئەخمەت ئەپەندىم، ② ئابدۇكېرىم مەخسۇم، ③ جاڭ جىجۇڭ، ④ مەسئۇد سابىرى.



1947 ـ يىلى 5 ـ ئاي، ئەخمەت ئەپەندىم قەشقەردە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا.



ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن رەھىمجان سابىر ھاجى تۆرپاندا خەلق ئاممىسى ئارىسىدا.



1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جاڭ جىجۇڭ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھەمراھلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە: ئۇلار ئاقسۇدا خەلق ئاممىسىدىن پىكىر ئېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بۇرھان ئەپەندىم ئۈرۈمچى جەنۇبىي تاغ يايلىقىدا.



ئەخمەت ئەپەندىم (سولدا) بىلەن قاسىمجان قەمبىرى.



1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم قەشقەر ياشلىرى بىلەن بىللە.



ئەخمەت ئەپەندىم ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن تاشقى ئىشلار خادىمى ليۇ زېرۇڭ بىلەن قەشقەر كونا شەھەر يېزىلىرىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەخمەت ئەپەندىم قۇمۇل پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئوناباي باتۇر ۋە سەئىد باتۇرلار بىلەن بىللە.
ئارقىسىدىكى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مۇھاپىزەتچىسى.



1947 ـ يىلى ئۆلكىلىك مەسلىھەت كېڭىشىگە يەتتە ۋىلايەتتىن قاتنىشىدىغان قىسمەن ۋەكىللىر
غۇلجىغا كېلىدۇ. سۈرەتتە: ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۇلار بىلەن بىللە. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا
① رەھىمجان سابىر هاجى، ⑤ ئەخمەت ئەپەندىم. ئارقا رەت: ② سەيپىدىن ئەزىزى.



1947 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئەخمەت ئەپەندىم رەپىقىسى ماھنۇر قاسىم بىلەن رەسىملىك ژۇرنال كۆرۈۋاتىدۇ.



1947 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن جاڭ جىجۇڭ.

www.uyghurkitap.com



1948 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قارمىقىدىكى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇل كادىرلىرى بىلەن بىللە. سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ① پاتىخان سۈگۈر بايوف (قازاق)، ②توختى ئەلموف، ③ ئەخمەت غەلى سىتبايوف (قازاق)، ④ ئەخمەت ئەپەندىم، ⑤ ئابدۇراخمان مۆھىتى⑥ قالى ئاباقوپ (قازاق). ئىككىنچى رەت ئوڭدىن سولغا : ①چىلىك شىخۋا، ③ زۇنۇن تىيىپوف، ④ھۆسىين ئەبەيدۇللا، ⑤ ھوشۇر كېرەم (تۆرپانلىق)، ⑥ ئەنۋەر لوقمان (تاتار). ئۈچىنچى رەت ئوڭدىن سولغا: ② داگبا (موڭغۇل).



1948 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم بىر قىسىم رەھبىرى كادىرلار بىلەن بىللە. سۈرەتتە ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا: ① ئىبراھىم تۇردى، ② پولات ئالىمى، ③ ئەخمەت ئەپەندىم، ④شەمشى مەمىيوف، ⑤ مەسجىت ئاقموللا.

ئوتتۇرا رەت: ① ئۇيغۇر سايرانى، ②سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ③ ئەنۋەر خانبابا (ئۆزبېك).

ئارقا رەت: ① قىيۇمبەك خوجا، ② ئەسئەت ئىسھاقوف (تاتار)،④ ئابدۇرېھىم ئەيسا.



1947 ـ يىلى كۈزدە ئەخمەت ئەپەندىم ئىلقا ناھىيىسىنىڭ سۇيتاي يېزىسىدا، ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ دادىسى ھېزىم موللىدىن ھال سوراۋاتىدۇ.



1948 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ يىغىنىدا سۆزلەۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1947 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى ئالتاي سارتوقايدىكى ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. سۈرەتتە سولدىن ئوڭغا: رەھىمجان سابىر ھاجى، ئەخمەت ئەپەندىم، ئىسھاقبېك، دەلىلقان.



1947 ـ يىلى، ئەخمەت ئەپەندىم ئالتايدا.



1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر مىلـلەت، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن بىللە.



1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رەھبەرلىك ئورگىنى سېلىشنى زۆرۈر تاپتى. ئۇ نەق مەيداندا قۇرۇلۇش لايىھىسىنى كۆرۈۋاتىدۇ. سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ① رەھىمجان سابىر ھاجى، ② ئەخمەت ئەپەندىم، ③مەمتىلى جىلانوف.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشتى. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا: سەيپىدىن ئەزىزى، ئەخمەت ئەپەندىم، ئابدۇمۇتائالى خدلپەت، ئىسھاقبېك، قىيۇمبەگ غوجا. ئارقا رەت ئوڭدىن: ئەنۋەر خانبابا، ئۇيغۇر سايرانى، سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئىبراھىم تۇردى.



ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى غۇلجىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلار بىلەن بىللە.



1948 ـ يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى غۇلجىدىكى زىيالىيلار بىلەن بىللە.

سۈرەتتە ئىككىنچى رەت ئوڭدىن سولغا: ⑥ ئىسھاقبېك، ⑦ ئەخمەت ئەپەندىم، ⑧ باشباي، ⑨ دەلىلقان، ⑪ رەھىمجان سابىرھاجى.



1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم بىر قىسىم مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمەتچىلىرى بىلەن بىللە.

سۈرەتتە ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئوڭدىن سولغا: ③ ئەخمەت ئەپەندىم، ④ سەيپىدىن ئەزىزى، ⑤ ئەنۋەر خانبابا.




1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم چۆچەك شەھرىدە ئىدارە ـ جەمئىيەت خا-
دىملىرى بىلەن بىللە.



1948 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىدا «تاتار مەكتەپ» نىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى
بىلەن بىللە.



1948 ـ يىلى ئەتىيازدا ئەخمەت ئەپەندىم تارباغاتاي ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.



1948 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم كۆكتوقاي ناھىيىسىدە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



1948 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم باش قوماندان ئىسھاقبېك بىلەن ئىلى دەرياسى بويىدا.



1948 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم ئالدىنقى سەپ مىللىي ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كۆزدىن كۆ-
چۈرۈۋاتىدۇ.



1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم ئىلى دەرياسىدىكى سالچىلار (كېمىچىلەر) ئارىسىدا.



ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجا بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە.



1948 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت شۆە، داغۇر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلغاندا ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىقلار بىرىپ تەبرىكلەيدۇ. سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ① مۇھەممەتجان مەخسۇم، ② سەيپىدىن ئەزىزى، ③ ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ④ ئەخمەت ئەپەندىم، ⑤ تۇگبا (ئۇيۇشما رەئىسى)، ⑥ ھاكىمبەك غوجا ⑧رەھىمجان سابىر ھاجى.



1948 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئەخمەت ئەپەندىم شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم رەھبىرىي ئەزالىرى بىلەن بىللە.

سۈرەتتە ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا: ئابدۇكېرىم ئابباسوف، رەھىمجان سابىر ھاجى، دەللىقان، ئەخمەت ئەپەندىم، باشباي، سەيپىدىن ئەزىزى، ئالىمجان.

ئارقا رەت ئوڭدىن سولغا: ئەسئەت ئىسھاقوف، ئەنۋەر مۇسابايوف، قىيۇمبەك غوجا، ۋاققاس ھاجى.



1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەت موڭغۇللار قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا ئەخمەت ئەپەندىم، ئىسھاقبېك، ھاكىمبەك غوجىلار بېرىپ تەبرىكلەيدۇ.




1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم موڭغۇل ۋەكىللىرى بىلەن بىللە.

www.uyghurkitap.com



1949 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرگەندە دالا تۈرمۈشىدا.




1949 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غۇلجىدا چاقىرىلغان ئالىي ئىقتىساد كومىتېتى يىغىنىغا قاتناشقان قىسمەن رەھبەرلەر. ئالدىنقى رەت سولدىن ئوڭغا: ① شەمشى مەمىيوف، ② ئابدۇكېرىم ئابباسوف، ③ قىيۇمبەك غوجا، ④ رەھىمجان سابىر ھاجى، ⑤ دەلىلقان سۇگۇربايوف، ⑥ ئەخمەت ئەپەندىم، ⑦ باشباي، ⑧ ئوبۇلخەيرى تۆرە، ⑩ پولات ئالىمى.

ئارقا رەت سولدىن ئوڭغا: ① ئەسئەت ئىسھاقوف، ③ ئابلىز رەخمانى، ④ ئابلىھەمىت ھاجىيوف، ⑤ سەيپىدىن ئەزىزى، ⑦ ۋاققاس ھاجى، ⑧ ئەنۋەر مۇسابايوف، ⑩ پاتىخان سۇگۇر بايوف.



1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىم چۆچەككە بېرىپ، شىنجاڭدا تىنچلىق [illegible] خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ۋىلايەتلىك تەشكىلىنى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئالدىنقى [illegible] ئوتتۇر-سىدىكى ئەخمەت ئەپەندىم، ئوڭ يېنىدىكىسى چۆچەك ۋالىيسى باشباي (قازاق)، ئارقا [illegible] چىنچى كىشى ئالىمجان ھاكىمبايوف (ئۆزبېك).



1948 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 4 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئاممىۋى چوڭ يىغىنىدا سۆز قىلىۋاتىدۇ.



◄ 1948 ـ يىلى كۈز ئەخمەت ئەپەندىم قىزى بىلەن بىللە.



▲ 1949 ـ يىلى يېڭى يىلدا ئەخمەت ئە-
پەندىم ئايالى، باللىرى ۋە مۇھاپىزەتچىسى
بىلەن بىللە.



◄ ئەخمەت ئەپەندىم ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن
بىللە.

## كىرىش سۆز

مەن 1949 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇدۇم. شۇ چاغلاردا غۇلجىدىكى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدىن كەلگەن ھوشۇر مۇسا، ئەزىز ئۆمەر، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىدىن كەلگەن ئابلىمىت، ئىسھاقوف (قازاق) قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە دائىم دانا، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدا نۇرغۇن تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. مەن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان چېغىمدا بىر مۇھىم خىزمەتكە ۋاقىتلىق ئاجرىتىلدىم، يەنى 1959 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە سەيپىدىن ئەزىزى مۇدىرلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى لۇي جەنرېن، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا زاكىروف مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىكى «ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھەيئىتى» دە ئىشلىدىم. مۇشۇ جەرياندا ئاشۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى بىلىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ كىشىلەردىن ئەخمەتجان قاسىمغا دائىر

خېلى كۆپ ئەھۋاللارنى ئىگىلىدىم. يەنە ۋېلىسىپىتلىك ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، كىشىلەردىن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆچمەس، شانلىق ھايات ئىزلىرىغا ئائىت 400 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت يىغدىم. لېكىن، «سولچىل» لۇشيەن ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شۇ چاغلاردا ئۇ سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەزمە قىلىشقا يول قويۇلمايتتى. شۇڭا، پەقەت «كۆرگەزمىگە قويۇشقا بولىدۇ» دەپ قارالغانلىرىدىن جەمئىي 200 پارچىسى تاللىنىپ، شۇ يىلى 27 - ئاۋغۇست ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرىدا خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغاندا كۆرگەزمىگە قويۇلغانىدى.

مەن تۆۋەندە ئۇقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىۋاتقان بۇ كىچىك ھېكايىلەرنى مۇئەللىملەردىن، كېيىن «ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش ھەيئىتى» دە ئىشلىگەن چېغىمدا كىشىلەردىن ئاڭلىغان، ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن شۇ چاغلاردا يېزىپ قويغانىدىم. بۇ قېتىم بەزى ھېكايىلەرنى قوشتۇم.

ئەخمەتجان قاسىمى ھايات ۋاقتىدا خەلقىمىز ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى قىسقا ۋە يېقىملىق سۆز بىلەن «ئەخمەت ئەپەندىم» دەپ ئاتايتتى. شۇڭا، مەنمۇ چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن مەزكۇر كىتابىمغا «ئەخمەت ئەپەندىم» دەپ نام قويدۇم.

ئاپتوردىن

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز .................................... 1
ئەخمەت ئەپەندىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........... 1
«يېتىمچى يىگىت» ................................ 18
غەزەپ - نەپرەت قىممەتلىك بايلىق ............... 22
ھەربىي بۆلۈم چاقىرىدۇ ......................... 27
بىز قەدىناس دوستلارغۇ ......................... 39
«بىز ئۇلارنى دورىماسلىقىمىز كېرەك» ............. 42
«سۈرگۈن قىلىۋەتسەك بولماس» .................... 44
«خەلق نېمە ئۈچۈن نامايىش قىلىدۇ» ............... 46
«مەدەنىيەت غەربتىن تارقالغانمۇ شەرقتىن» ........ 48
باش شتابتا .................................... 49
بىز تەييار ..................................... 54
«ماشىنىدىن كاشىلا چىققان ئوخشايدۇ دەپتۇق» ...... 59
«زادى تونۇيالماپتىمەن» ......................... 60
«بىز سىلەرنىڭ ۋەكىلىڭلار» ...................... 62
«بىر شەخسكە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارمايدۇ» ........ 66
بۇ كىشى مۇئاۋىن رەئىس .......................... 70
مائارىپنىڭ غەمخورچىسى .......................... 73
خەلقنىڭ سىردىشى ................................ 75

«ھەممە ئادەم بابباراۋەر بولۇشى كېرەك» ........ 77
«مەسلىھەت بىلەن ئىش كۆرۈڭلار» .............. 81
ئەخمەت ئەپەندىم تۇرپاندا .................... 84
25 ـ فېۋرال ............................ 90
سۈيىقەست .............................. 98
ۋالىي مەھكىمىسىگە خەت ..................... 111
ناتونۇش ئادەم ............................ 117
باينىڭ قورۇسىدا ............................ 120
هارۋىكەش .............................. 124
بازارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ..................... 127
«خاپا بولماڭ ئاكا» ......................... 129
«مۇئەللىمگە تەقدىم قىلىمەن» .................. 133
«ئىقرار قىلساڭ بولمامدۇ» .................... 137
خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ..................... 139

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئەخمەت ئەپەندىم 1914 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك مەھەللىسىدە بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن 1922 ـ يىلى قورغاستىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن تاغىسى ئۆمەر قاسىمنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياركەنت دېگەن يېرىدە 7 ـ سىنىپقىچە ئوقۇغان، كېيىن ئالمۇتىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ، تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرمەھەل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1936 ـ يىلى موسكۋا شەرق سوتسىيالىستىك ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئۇيەردە ماركسىزم ـ لېنىنىزمدىن تەلىم ئالغان.

1942 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تارباغاتاي چېگراسى ئارقىلىق چۆچەككە ئۆتۈپ ئۇيەردە بىر مەزگىل تۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن غۇلجىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا خەلق

رەھبەرلىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغاچقا، ئۇ تېزلا «ھۆكۈمەت ئەزاسى» دەرىجىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە ئۈرۈمچىگە بىتىم سۆھبىتىگە ئەۋەتىلىدىغان ئۈچ ۋەكىلنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئۇ ئەسلىدە سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە سۆھبەت جەريانىدا باش ۋەكىللىك رول ئوينايدۇ.

1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىدۇ. بۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى، شۇنداقلا ئەخمەت ئەپەندىم ۋەكىللىكىدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنىڭ قولغا كەلتۈرگەن زور غەلىبىسى. 11 ماددىلىق بىتىمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك جەھەتلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلىدۇ، 25 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن يەتتە كىشى قاتنىشىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالىي ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى تىنچلىق بىتىمى ئاساسىدا خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشقا قارىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. ئۇ دائىم ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ،

ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ، بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. جاي - جايلاردىن ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى ئۆزى بىۋاستە قوبۇل قىلىدۇ. ماقالە - مەكتۇپلارنى يېزىپ، ئاممىۋى يىغىنلارغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلەپ تۇرىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە تالانتلىق بولۇپ، مەسىلىلەرنى زېرەكلىك بىلەن ئويلاپ، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپلا قالماستىن گەپنى ئاددىي، ئىخچام، قىزىقارلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى خەلققە ئىنتايىن زور ئىلھام ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايتتى. خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى ۋە دائىم ئۆز ۋۇندىن ئۆزۈن ئالقىش سادالىرى ياڭرىتاتتى.

گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «خەلق قۇرۇلتىيى» ئاچماقچى بولىدۇ. شىنجاڭدىن 18 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەتتىن سايلانغىنى يەتتە نەپەر بولۇپ، ئەخمەت ئەپەندىم بۇ «قۇرۇلتاي» غا قاتنىشىش قارارىغا كېلىدۇ. 1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھەمراھلىرى بىلەن جەمئىي 40 نەچچە كىشى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شاڭخەي ئارقىلىق گومىنداڭ پايتەختى نەنجىڭغا يېتىپ كېلىدۇ. «قۇرۇلتاي» جەريانىدا جياڭ جيېشى ئۆزى ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىدۇ، جياڭ جىڭگو ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنى ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت قىلدۇرىدۇ.

«قۇرۇلتاي» مەزگىلىدە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ

تەشەببۇسى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ، كومپارتىيە ۋەكىلى دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشىدۇ. دۇڭ بىۋۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى سەممىي قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە پىڭ گوئەننى بىر راتسىيە بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا قوشۇپ شىنجاڭدا بىللە ئىشلەشكە ئەۋەتىدۇ.

1947 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەخمەت ئەپەندىملەر ئەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. 1947 ـ يىلى 3 ـ ئايغا كەلگەندە گومىنداڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تۈزگەن «10 ـ ئۆكتەبىر» كېلىشىمىنى بۇزۇپ ئۆكتەملىك بىلەن يەنئەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا گومىنداڭ كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلەلمەي قالىدۇ. جۇملىدىن شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىمۇ ھەدەپ تىنچلىق بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغىلى تۇرىدۇ. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچالاردا تىنچلىق بىتىمى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان دېموكراتىك سايلاملارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىر قاتار ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىنتايىن غەزەپلىنىدۇ. گومىنداڭ تەرەپكە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. جاڭ جىجوڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇۋېلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. سۇڭ شىليەن، داڭ بىگاڭ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر جاڭ جىجوڭنىڭ ئەنجىڭگە كېتىپ قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، «25 ـ فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى قەتلە قىلماقچى بولۇشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ رەزىل سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئەخمەت ئەپەندىم ۋە مەسئۇت سابىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. قەشقەردە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ۋالىي بولغان ئابدۇكېرىم مەخسۇم ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ. قەشقەردىكى داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش يىغىنىدا خەلق گۈلنىڭ چوڭىنى ئەخمەت ئەپەندىمگە، ئوتتۇرانچىسىنى جاڭ جىجۇڭغا، ئەڭ كىچىكىنى مەسئۇت سابىرىگە تەقدىم قىلىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 5 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئاممىسى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە توپلىشىپ جاڭ جىجۇڭدىن سوئال سورايدۇ. جاڭ جىجۇڭ ئۇزۇن سۆز قىلىدۇ، لېكىن خەلقنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا كونكرېت جاۋاب بېرەلمەي ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىدۇ. تالاش ـ تارتىش كېچە سائەت بىرگىچە داۋام قىلىدۇ. قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان جاڭ جىجۇڭ نەتىجىدە جاۋ شىگۇاڭ قىسىملىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، كېتىۋالىدۇ ۋە ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ.

قەشقەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جاڭ

جىجۇڭنىڭ پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ باشقا جەھەتتىمۇ يەنە نۇرغۇن ئويلىنىپ كۆرۈپ ئاخىر ئورنىنى بوشىتىپ بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەخمەت ئەپەندىملەر بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش توغرىسىدا جياڭ جيېشىگە دوكلات سۇنىدۇ ھەمدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشى مەسئۇت سابىرىنى ئۆلكە رەئىسى نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ، مەسئۇت سابىرى ئۇيغۇر، ئۇ رەئىس بولسا شىنجاڭ خەلقى ئىتائەت قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى جاڭ جىجۇڭنىڭ قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش دوكلاتىنى تەستىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەسئۇت سابىرىنى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ. بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇپ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەپ، خىزمىتىنى نەنجىڭگە يۆتكەيدۇ. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ئىلغار كۈچلەر، گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بىتىمىگە قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان رەزىل سۇيىقەستىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەسئۇت سابىرىنىڭ رەئىس بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يېيىپ كېتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىشنى رەت قىلىدۇ. ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان

ئۈلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ يىغىنىمۇ ئېچىلالمايدۇ.
جاڭ جىجۇڭ 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلققە بىر ئاز ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشىنى ئۈتۈنىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم: «خەلققە ۋەكىللىك قىلمىغان سۆزنى خەلق ئاڭلىمايدۇ» دەپ ئۇنىڭ پىكرىنى رەت قىلىدۇ.
گومىنداڭ تىنچلىق بىتىمىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ۋە مەسئۇت سابىرىنى يۆلەپ تەختكە چىقارغانلىقى سەۋەبىدىن ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ئىشلەۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ خادىملىرى داۋاملىق خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. شۇڭا، ئۇلار 8 ـ ئايدا غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدىن بولۇپ ئورغۇنلىغان ئىنقىلابىي ياشلار، ئىلغار پىكىرلىك زاتلار، زىيالىيلار ئارقا ـ ئارقىدىن غۇلجىغا كېتىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ لى تەييۈي، چېن شىخۇا، خې رۈي، فەن يىنجۇڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم خەنزۇ ياش زىيالىيلىرىنىڭ غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا رەسمىي قاتنىششى جامائەتچىلىكنىڭ ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ئويۇشمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىلىدا چىقىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ بىر قىسىم تەھرىرلىرىمۇ غۇلجىغا كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا بىر مەزگىل قەھرىمانلار توپلانغان ماكانغا ئايلىنىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلاشتۇرۇش يولىدا ھاردىم ـ تالدىم، دېمەي كۈرەش قىلىدۇ. ئاشۇ ئاساستا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنى يېڭى جۇڭگو ۋە يېڭى شىنجاڭنى كۈتۈۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلىش بويىچە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندا، 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. خەتتە 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئاچماقچى بولغان «ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش ھەققىدە مىللىي قۇرۇلتاي» غا ئۈچ ۋىلايەتتىن ۋەكىل ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنغانىدى. ئەخمەت ئەپەندىم، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف قاتارلىقلار مۇزاكىرە قىلىشىپ، بۇ «قۇرۇلتاي» غا قاتنىشىشنى رەت قىلىدۇ. كېيىن ماۋجۇشىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چاقىرغان سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشماقچى بولىدۇ. مانا بۇ

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ روشەن سىياسىي پوزىتسىيىسىنى ئېنىق دەلىللەپ بېرىدىغان يىمىرىلمەس سېلىشتۇرما!

ئەخمەت ئەپەندىم ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ.

ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈچ ۋىلايەتلىك مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تارماقلارغا ئىقتىدارلىق ھەم خەلقچىللىق تۇزۇمگە سادىق كادىرلارنى تەيىنلەيدۇ. ئۇلاردىن ئىقتىسادچىللىقنى قاتتىق يولغا قويۇپ، مالىيە تۇزۇمىدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. پۇل مۇئامىلىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، خام چوت، نەق چوت تۇزۇمىنى ئورنىتىدۇ. نامۇۋاپىق بولغان باج ـ سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلقنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم مائارىپقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئومۇمىي كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى مائارىپقا ئىشلىتىلىدۇ. 1948 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر جەمئىيي 545 كە، سىنىپ 1831 گە، ئوقۇغۇچى 56 مىڭ 982 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 2059 نەپەر (خوجىلىق ئىشلىرى خادىملىرى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىدۇ.

1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئەخمەت ئەپەندىم باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار، بىر قىسىم ئىلغار، خەلقپەرۋەر زىيالىيلار، غۇلجا شەھىرىدە داغدۇغىلىق

يىغىلىش ئۈتكۈزۈپ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نى قۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەركىزىي كومىتېتىغا 35 نەپەر ئەزا، بەش نەپەر كاندىدات ئەزا سايلاپ چىقىلىدۇ ھەمدە «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي (دائىمىي) ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم «ئىتتىپاق» نىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. «ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا» گېزىتى بىلەن «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىدۇ. تارباغاتايدا «خەلقچىللىق گېزىتى»، ئالتايدا «ھەقىقەت ساداسى» گېزىتى نەشر قىلىنىدۇ. بۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەشۋىق قىلىنىدۇ. يەنە ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بايانلىرى قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.

«ئىتتىپاق» گەرچە نامدا خەلق تەشكىلاتى ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي، مەمۇرىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىق ھەممە جەھەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئالىي ھوقۇقلۇق سىياسىي تەشكىلات بولۇپ قالىدۇ.

1948 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان بىر يىل ئىچىدە مىللىي ئازادلىق ئارمىيە ۋە يەرلىكتە ۋىلايەت دەرىجىلىك يەرلىك تەشكىلاتتىن ئۈچى، ناھىيە دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتتىن 29 ى، يەرلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدىن 759 ى قۇرۇلىدۇ. ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاق ئەزالىرى 50

مىڭغا يېتىدۇ. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئېھتىياجى» ھەر مىللەت خەلقى ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەر خەلقچىل زاتلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئاۋانگارت قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

1949 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئەخمەت ئەپەندىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇلارنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ يازغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇ خەتنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

«شىنجاڭ غۇلجا ئالاھىدە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

ئىمپېرىيالىزمنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان خەلق ئۇرۇشى مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنى، ھەر قايسى خەلق تەشكىلاتلىرىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى دالا ئارمىيىلىرىنى، ھەر قايسى ئازاد رايونلارنى، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىگە ئەترابلىق تەييارلىق قىلىغاندىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ ئىچىدە

ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ تەشكىلىي قانۇنى تۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلغاندىن باشقا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى تۈزۈپ چىقىلىپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى سايلاپ چىقىلىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرىشىڭلار پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىزنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تولۇق ئازاد بولۇشىغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرىشىڭلار ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشۇڭلارنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز. قوشۇلساڭلار 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:

ماۋزېدۇڭ

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، بېيجىڭ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

ئەخمەت ئەپەندىم رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن چەكسىز ھاياجانلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ يېقىن سەپداشلىرى ئىسھاقبەگ مونونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى، ئەسئەت ئىسھاقوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف قاتارلىقلارنى چاقىرىپ كېلىپ، بۇ خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار شادلىق قوينىغا چۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى پات ئارىدا «تاڭ ئېتىپ، ئۇنىڭ نۇرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى يورۇتىدۇ. بىز كۆپ يىللاردىن بېرى كۈرەش قىلغان ئۇلۇغۋار غايە ئەمەلگە ئاشىدۇ» دەيدۇ. ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئۆز ھاياجانلىرىنى بېسۋالالماي قالىدۇ. ئاندىن رەئىس ماۋزېدۇڭغا جاۋاب خەت يېزىپ، يىغىنغا ۋەكىل ئەۋەتىپ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتناشتۇرۇشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ رەئىس ماۋزېدۇڭغا يازغان خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

«مەملىكەتلىك خەلق يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قەدىردان ماۋزېدۇڭ ئەپەندىمگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق. خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەرنى ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلق ئۆزۈندىن بۇيان تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى. بىز شۇنداق ھېسابلايمىزكى، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ غەلىبىسى. شۇڭا، بىز ئەڭ يۇقىرى قىزغىنلىقىمىز بىلەن

قەدىردان ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە مىننەتدارلىقىمىز ۋە خۇشاللىقىمىزنى بىلدۈرىمىز ھەمدە بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، خەلق يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشتۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ئېھتىرام بىلەن: ئالاھىدە رايون خەلق ۋەكىلى:
ئەخمەتجان قاسىمى

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، غۇلجا.»

خەت ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم بېيجىڭغا بېرىشنىڭ جىددىي تەييارلىق ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئوسمانجان ناسىرى بىلەن بىرگە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بايانداي مىللىي ئازادلىق ئارمىيە ئوفىتسىرلەر مەكتىپىگە كېلىپ باشقا ۋەكىللەر بىلەن جەم بولىدۇ. چۈشتىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم، ئىسھاقبەگ مونونوف، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەلىلقان سۇگۇربايوف ۋە لوجىلاردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ خەلق ۋەكىللەر ئۆمىكى كەچ سائەت يەتتىدە بىر قانچە ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئالمۇتا ئارقىلىق بېيجىڭغا بېرىش ئۈچۈن غەلىبە خۇشاللىقى ۋە زور ئۈمىد بىلەن يولغا چىقىدۇ.

لېكىن، كىشىلەر ئۇلارنى ئالتاي ۋىلايىتىگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى مېڭىشتى، دەپ ئويلاپ قېلىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەخمەت ئەپەندىملەر جۇڭگو ـ سوۋېت چېگراسىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتىدۇيۇ، ساق قايتىپ كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار خۇددى خەلق چۆچەكلىرىدىكى بارسا ـ كەلمەس يولغا كەتكەندەك بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىدۇ . . .

# «يېتىمچى» يىگىت

بۈگۈن چۆچەك شەھىرىنىڭ ھاممال بازىرى ئادەتتىكىدەك قىزىۋاتاتتى. يېقىندىن بۇيان ھاممال بازىرىغا قاياقتىندۇر كەلگەن 27 ـ 28 ياشلاردىكى بېشىغا گۈللۈك دوپپا، ئۈستىگە گىمناستوركا كىيگەن، قىرقىم بۇرۇت قويغان، قويۇق قارىقاش، ئىللىق چىراي، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان بىر يىگىت كېلىپ قوشۇلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى، چېچەنلىكى بىلەن باشقا ھامماللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن «چۆچەك گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىرىلغان كۈندىلىك گېزىتنى ئوقۇيمەن، دەپ بازارغا سەل كېچىكىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا كۈندە گېزىت ئوقۇپ تۇرۇش خۇددى ئىنسانغا سۇ بىلەن ھاۋا بولمىسا بولمايدىغاندەك زۆرۈر ئىدى. شۇڭا، ئۇ گېزىتنى قالدۇرماي ئوقۇۋېتىمەن، دەپ بازارغا كېچىكىپ كەلگىنىگە ئۆكۈنۈپمۇ كەتمىدى، ئۇ دەل مۇنداق بىر گەپ ئۈستىگە كېلىپ قالدى:

— ماڭا قايسىڭلار كېسەك قويۇپ بېرىسىلەر؟ — تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن، بېشىغا كەمچەت تۇماق كىيىپ،

بىلىگە شايى بەلۋاغ باغلىغان 40 ياشلار چامىسىدىكى باي بىر كىشى هامماللاردىن سوراۋاتاتتى.

— كېسەكمۇ قوياڭدۇ كىشى، هامماللىقتەك خېلى ئاسان پۇل تاپقىلى بولىدىغان ئىشمۇ تۇرسا؟ — دېدى هامماللاردىن بىرى چىرايىنى بۇلەكچە قىلىپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا كىم ماقۇل دەيدۇ، — دېدى يەنە بىر هاممال دىمىغىنى قېقىپ.

بۇنى كۆرۈپ باينىڭ سەل تەرى تۈرۈلدى. ئاندىن ئۇ:

— ئۇمۇ بىر ئوبدان ئىشقۇ؟ ئىشقىلىپ ئوبدان رازى قىلسام بولمىدىمۇ؟ — دېدى.

ئاشۇ تالاش - تارتىش ئۈستىگە كېلىپ قالغان قىرقىم بۇرۇتلۇق يىگىت ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن هېچ ئىككىلەنمەيلا:

— مانا مەن قىلاي! — دەپ توپنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئالدىغا چىقتى.

— كېسەك قويىدىغان ئىشكەن! — دېدى بىر هاممال خۇددى ئۇنى ئۇقماي قالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ.

— ئۇ ئىش بولسا نېمە بوپتۇ، مانا مەن قىلىمەن دېدىمغۇ؟ — دېدى قىرقىم بۇرۇتلۇق يىگىت كەسكىنلىك بىلەن.

— ئۇكام سىز كېسەك قويۇپ باققانمۇ؟ — سورىدى باي قىرقىم بۇرۇتلۇق يىگىتتىن.

— قىلىپ باققان.

— ئۇنداق بولسا بولىدىكەنسىز.

باي قىرقىم بۇرۇتلۇق يىگىتنى يوغان بىر قورۇغا باشلاپ ئاپىرىپ كېسەك قويىدىغان يەرنى كۆرسىتىپ

بەردى. يىگىت كىسەك قويىدىغان يەرنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى كەتمەن بىلەن قىرىۋېتىپ مەيدان تۈزەپ، ئېرىق ئېچىپ سۇ باشلاپ لاي ئېتىشكە تەييارلاندى.

باي بۇ يىگىتنىڭ چەبدەسلىكىگە قاراپ ھەيران قېلىپ ھەم ئۇنىڭ لايىنى جىق ئېتىش ئۈچۈن، مەيداننى چوڭ تەييارلىغانلىقىغا قاراپ:

— كىسەكنى بۈگۈن قويمايدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەتە سەھەر قويىمەن، لاي ئوبدان پىشسۇن، كەچتە لايىنى چىقىرىپ تەييارلاپ قويىمەن. ئەتە سەھەردە بىراقلا تۇتۇش قىلىپ، بىر دەمدىلا بەش - ئالتە يۈز كىسەكنى چىقىرىۋېتىمەن.

يىگىت دېگىنىدەك قىلىدۇ، ئەتىسى تاڭ ئەمدى ئېتىشقا باشلىغاندا ئۇ كىسەك قېلىپىنى كۆلچەكتىن ئالىدۇ، ئاندىن لايىنىڭ يېنىغا بارىدۇ، لايىنىڭ ئالدىغا توپا سېپىۋېتىپ، قولى بىلەن لايىنى خۇددى پىچاقتەك كېسىۋېلىپ، توپىغا دومىلىتىپ، دۈگىلەك قىلىدۇ، ئاندىن قېلىپ كۆزلىرىگە تولدۇرغاندىن كېيىن يۇگۈرۈپ بېرىپ تەييارلىغان كەڭ مەيدانغا تۆكۈشكە باشلايدۇ.

ئۇ شۇ تەرىقىدە جىددىي ئىشلەپ تەييارلىغان لايىنىڭ ھەممىسىدە كىسەك قۇيۇپ بولىدۇ. ئاندىن ناشتىلىق قىلىۋالغاچ گېزىت كۆرۈپ كېلەي، دەپ سىرتقا ماڭىدۇ.

ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى بىر مەزگىلگىچە شۇ تەرىقىدە ئۆتىدۇ. ئۇ كۈندە دېگۈدەك كىسەك قۇيىدۇ ياكى تامچىلىق قىلىدۇ. لېكىن، نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، گېزىت ئوقۇشنى يادىدىن چىقارمايدۇ. كىشىلەر بىلەن

ئۇچۇق چىراي، ئىللىق مۇئامىلىدە بولىدۇ. لېكىن، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدۇ. پەقەت ئۇنى «يېتىمچى يىگىت» دەپ ئاتىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پەرىزىچە، ئۇ يىگىت بۆيەرلىك ئەمەس، غۇلجا ياكى ئۈرۈمچىدىن كەلگەندەك ئىدى.

كېيىنچە «يېتىمچى يىگىت» تۇيۇقسىز غايىب بولىدۇ. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىدىن كىشىلەر خەۋەرسىز قالىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتە تۈرلۈك قىياسلاردا بولۇشىدۇ. بۇ ئەنسىز كۈنلەردە ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەنلەرمۇ بولىدۇ.

1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۆچەك شەھىرى مىللىي ئازادلىق ئارمىيە ۋە چۆچەك پارتىزانلىرى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىدۇ. خەلقتىن ھال سوراش ۋە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىلىدىن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئۆمىكى كېلىدۇ. بۇ چاغدا چۆچەك خەلقى 1942 ـ يىلى خۇددى تېپىشماقتەك بولۇپ قالغان بۇ ياش يىگىتنىڭ ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى — ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. بۇ چاغدا مويسىپىتراق بىر ـ ئىككى كىشى:

— ھوي، سىز شۇ يىگىت ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىغاندا:

ئەخمەت ئەپەندىم ئىللىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاشۇ «يېتىمچى يىگىت» مەن بولىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# غەزەپ ـ نەپرەت قىممەتلىك بايلىق

1942 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى ئىدى. كونا پەلتو كىيىپ بېلىنى شوينا بىلەن باغلىۋالغان، قىرقىم بۇرۇتى چىرايىغا خويمۇ ياراشقان ئەينەكچى ئۇستام، غۇلجا گىمنازىيە مەكتىپىنىڭ دېرىزىلىرىگە ئەپچىل قوللىرى بىلەن ئەينەك سېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىشنى شۇنداق ئەستايىدىللىق بىلەن قىلاتتى. ئۇ يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ، يۈزىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەرلىرىنى ئەمدى ئېرتىپ تۇرۇشىغا مەكتەپنىڭ ۋالىبول مەيدانىدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى، نېمە ئىش بولغاندۇ؟

ئۇ كەينى تەرەپكە شۇنداق بىر قاراپ، ۋاسكېتبول مەيدانىدىكى ئىككى ساقچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. «يەنە ئوقۇغۇچىلارنى تۇتقىلى كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاھان، ئوقۇغۇچىلارنى گۇمان بىلەن تۇتسا بولمايدۇ ـ دە» ئەينەكچى ئۇستام شۇلارنى ئويلاپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى توختىتىپ قويۇپ، مەكتەپ خادىملىرىمۇ ئارىلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بۇ ئىشقا ئارىلىشىدۇ.

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورايدۇ ئەينەكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇستام چەتتە قاراپ تۇرغان ئوقۇغۇچىدىن.

ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابىدىن مەلۇم بولدىكى، مەكتەپتە ياقۇپ پوچى ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى پۇتىدىكى ساقايماس تەمرەتكىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئۆتكەندە ئۇچقۇچىلار بىلەن ئېتىشىپ قالغاندا پۇتۇمغا ئوق تەگكەندى. بۇيەر ھازىرغىچە ساقايمايۋاتىدۇ» دەپ پو ئاتقان. بۇ گەپ مەكتەپتىكى ئىشپىيونلار ئارقىلىق ساقچى ئىدارىسىگە دوكلات قىلىنغان ھەم ساقچى ئىدارىسىدىن «ئاتالمىش ئۇچقۇچىلار بىلەن بولغان ئېلىشىشتا ئوق تەگكەن ئوقۇغۇچى» تۇتقىلى ئادەم كەلگەن.

ئەينەكچى ئۇستام ساقچىغا باشقا بىر تىلدا بىر نېمىلەرنى دېگەندىن كېيىن ياقۇپنىڭ پۇتىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قاراڭلار، بۇ ئوق تەگكەن يەرگە ئوخشامدۇ؟ سىلەر بالىلارنىڭ ئۆز ئارا چاقچاق قىلىشىپ دېيىشكەن گەپلىرىگىمۇ ئادەم تۇتقىلى كېلەمسىلەر؟ — دەيدۇ.

ئەينەكچى ئۇستامنىڭ كەسكىن تەلەپپۇزدا ئېيتقان ئورۇنلۇق سۆزلىرىگە ساقچىلار بىر نېمە دېيەلمەي ئاستا يولىغا راۋان بولۇشىدۇ.

ئەينەكچى ئۇستاممۇ بايا ئىش قىلىۋاتقان يېرىگە يانغاندا، بىر ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭدىن:

— ئاكا، سىز ساقچىلارغا نېمىلەرنى دېدىڭىز؟ ئۇلارنى ئاسانلا ئېرىتىۋەتتىڭىزغۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ياخشى گەپ قىلدىم.

— سىز ئۇلارغا خەنزۇچە گەپ قىلدىڭىزما؟ — خەنزۇچىنى ياخشى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— رۇسچە سۆزلىدىم.

— ئۇلارنىڭ رۇسچە بىلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟

— رۇسچە سۆزلەش ساقچىلار ئۈچۈن يېڭى مودا،— دەيدۇ ئەينەكچى ئۇستام، ئاندىن ئۇ رۇسچە شېئىر ئوقۇپ بېرىدۇ.

— هوي بۇ ماياكوۋىسكىنىڭ شېئىرىغۇ؟ — دەيدۇ مۇئەللىم هەيران بولۇپ،— ئەدەبىياتقا قىزىقىدىكەنسىز - دە؟

— شۇنداق.

— سىز رۇسچىنى نەدىن ئۆگەنگەن؟

— سوۋېتتە.

— هوي، ئۇنداقتا بىز ساۋاقداش چىقىپ قالدۇققۇ؟ مەنمۇ سوۋېتتە ئوقۇغان.

ئوقۇتقۇچى يەنە سورايدۇ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئىسمىم ئەخمەت، فامىلەم قاسىمى.

— دوست بولايلى، مېنىڭ ئىسمىم ساتتار، فامىلەم سادىروف، تۈرپانلىقمەن، ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا سۈرگۈن قىلىنىپ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن.

— مەن سۈرگۈنلەرگە ئامراق، لېنىنمۇ، ستالىنمۇ سۈرگۈن قىلىنغان، سۈرگۈن قىلىنىش ئادەمدە نەپرەت، غەزەپ پەيدا قىلىدۇ. غەزەپ - نەپرەت قىممەتلىك بايلىق، بولۇپمۇ هازىرقى كۈندە.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيدۇ.

— سىزنى سوۋېتكە هۆكۈمەت تاللاپ ئەۋەتىپ ئوقۇتقانمۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.

— ئەمىسە قانداق؟

— مەن 1914 - يىلى مۇشۇ غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلدۇم. دادام نادىر مەخمۇت ئۇستا سازچىكەنتۇق، ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق ھۈنىرىمۇ باركەنتۇق. 1920 - يىللىرى باي - زومىگەرلەر مېنىڭ دادامنى سازنى بىز دېگەندەك چېلىپ بەرمىدى، دەپ لۈكچەكلەرگە ئۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەن. تاغام ئۆمەر قاسىم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇ بۇرۇن تاشكەنتتە ئوقۇغانىكەن. ئۇ مېنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياركەنت دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەتتى. مەن قامىلەمنى تاغامنىڭ قامىلىسىگە ئۆزگەرتتىم. باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تىرىشىپ ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردۇم. 1932 - يىلى ئالمۇتىدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان چاغدا، تاغام يوقىلاڭ بىر بەتنام بىلەن سۈرگۈن قىلىنىپ كەتتى. مەن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە مەدىكارچىلىق قىلدىم. كېيىن باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن نەمەنگان شەھرىگە بېرىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم، ياخشى ئىشلەيتتىم، كېيىن مەكتەپ مېنى موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ بەردى، كېيىن شۇ يەردە ئوقۇدۇم.

— موسكۋادىمۇ ئوقۇپسىز - دە، — دېدى سادىروف تولىمۇ قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەن ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ، كىم ئۈچۈن ياشايدۇ، دېگەن سوئاللارغا جاۋاب

تاپتىم.

— مۇنداق دەڭ، قالتىسكەنسىز جۇمۇ؟

— جاھان دېگەندە ئۈچ خىل ئادەملەر بولىدىكەن، بىر خىللىرى پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ياشايدىكەن، يەنە بىر خىللىرى بىر بۆلەك ئادەملەر ـ قەبىلە، مىللەت، گورۇھ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياشايدىكەن. ئاخىرقى بىرلىرى ناھايىتى ئاز بولىدىكەن، ئۇلار پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن ياشايدىكەن. مەن ھازىر بەلكى ئىككىنچى خىلدىكى ئادەمگە كىرەرمەن. لېكىن، نىشانىم ئۈچىنچى خىلدىكى ئادەم بولۇش!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇردى ۋە ھەم مۇڭداشچى، پىكىرداشلاردىن بولۇپ قالدى.

# ھەربىي بۆلۈم چاقىرىدۇ

1945 ـ يىلىنىڭ 5 ـ ئايلىرى بولسا كېرەك. مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ فىلىدفېبىل (ھازىرقى شياۋۋېي ئۇنۋانىغا تەڭ) دەرىجىلىك ئوفىتسېرى مۇزەپپەر ئابدۇللايوف ئاغرىپ قالىدۇ. ئۇ دوختۇرنىڭ رۇخستى بىلەن ئىلىقىغا چىقىپ داۋالىنىپ، بىر ئاز ياخشى بولۇپ قايتىپ كەلگىنىدە، ئۆزىنىڭ تۇرغان قىسمى — غۇلجا زاپاس 4 ـ پولكىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئاندىن ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى گارنىزونغا كېلىپ، قىسمىغا قايتىش ئۈچۈن تىزىمغا ئالدۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا:

— سىزنى ھەربىي بۆلۈم چاقىرىدۇ. ھەربىي بۆلۈم ھۆكۈمەت بىناسى ئىچىدە، تېز بېرىڭ! — دەيدۇ گارنىزون باشلىقى پودپولكوۋنىك غازىيوف.

مۇزەپپەر ئابدۇللايوف ھەربىي بۆلۈم دەرۋازىسىدىن كىرىپ سول تەرەپتىكى بىنانىڭ بىر ئىشىكىنى چېكىدۇ.

— ھە، كىرىڭ!

ئۇ ئىشخانا ئىچىدىن چىققان رۇخسەت بېرىلگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىچىگە كىرىدۇ. قىسقا قارا بۇرۇتلۇق

پودپولكوۋنىڭ دەرىجىلىك بىر كىشى يېزىقچىلىق ئۇستىلىدە قانداقتۇر بىر ماتېرىيالنى كۆرۈۋاتاتتى.

— ھۆرمەتلىك پودپولكوۋنىك، مەن ھەربىي بۆلۈمنىڭ چاقىرتىشى بىلەن كەلدىم، فىلىدفىبىل ئابدۇللايوف مۇزەپپەر! — دەپ دوكلات قىلدى ئۇ.

قىسقا بۇرۇتلۇق پودپولكوۋنىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن:

— سىزنى مەن چاقىرتقان، شەھەر گارنىزونى بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئالدىنقى سەپكە بارىدىغانلارنىڭ قىسقىچە ئانكېتى بىلەن تىزىملىكىنى يوللىغانىكەن، شۇنىڭدىن كۆردۈم. سىز نىلقىلىق ئىكەنسىز، كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققانىكەنسىز ھەمدە ئۇرۇمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغانىكەنسىز. سىز قورغاستا ئېچىلغان ھەربىي كۇرسنى تۈگىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي مۇئەللىم، شۆبە ئەترەت كوماندىرى بولغان ئىكەنسىز، بىز شۇ تاپتا خۇددى سىزگە ئوخشاش ئوفىتسېرلەرگە تازا موھتاجمىز، كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى. قېنى ئولتۇرۇڭ! — دېدى.

ئابدۇللايوف مۇزەپپەر ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ تۇيۇقسىز چاقىرتىشىمدىن نېمە ئىشكىن، دەپ ئويلاۋاتقانسىز، — دېدى قىسقا بۇرۇتلۇق پودپولكوۋ-نىك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ھازىر ھەربىي ئىشلارنىڭ جىددىي كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بار. بىز ھەرەمباغدا ئوتتۇرىلىنىيە، ۋوزۋوت كوماندىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان تەلىم - تەربىيە روتىسىنى تەشكىل قىلغانىدۇق. ئۇيەرگە

ھەر قايسى قىسىملاردىن، جەڭنى باشتىن كەچۈرگەن بىر قىسىم ئوتدىپلىنىيە كوماندىرلىرى، ساۋاتلىق جەڭچىلەر يىغىلدى. ئۇلارغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرىش ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي ساۋاتتىن خەۋىرى بار بىر نەچچە ئوفىتسېر لازىم ئىدى. شۇڭا، سىزنى شۇيەرگە ئەۋەتمەكچىمىز. سىز تەلىم - تەربىيە روتا كوماندىرى ھەم ھەربىي مۇئەللىم بولىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، جەڭدە ياردار بولۇپ، ھەربىي گوسپىتالدا داۋالىنىپ قايتىپ چىققان، لېكىن دەرھال ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشكە بولمايدىغانلارنى ھەرەمباغقا يىغدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوفىتسېرلەرمۇ بار، جەڭچىلەرمۇ بار. ئۇلارنى ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇدۇللۇق ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇرۇپ تۇرىمىز. سىز ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەم ئۇلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىسىز.

بۇ ئىش ئابدۇللايوف مۇزەپپەرنىڭ ئىدىيىسىدىن دەماللىققا ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، دادىسى ئۇنى ئەسكەرلىككە ئەۋەتكەندە:

— بالام سەن كېتىۋاتىسەن، جەڭ دېگەن ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، يارىلىنىش، قۇربان بولۇش، ئاغرىق - سىلاق، ئاچ - توق قېلىشلارنىڭ ھەممىسى بولۇپ تۇرىدۇ. ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدىغان ئاتا - ئاناڭ، ئاكىلىرىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭ يېنىڭدا بولمايدۇ. شۇڭا، سەن بىلەن بىللە بولغان باللارنىڭ چوڭىنى ئاكا، كىچىكىنى ئىنىم، دەپ بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ياخشى ئۆت. ئەنە ئاشۇلار سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدۇ، ساڭا غەمخورلۇق قىلىدۇ، سەنمۇ ئۇلارنىڭ يولۇققان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەملەش، ئۇلاردىن ئايرىلما، دەپ تاپىلايدۇ.

شۇڭا، ئابدۇللايوف مۇزەپپەر شەھەر سىرتىدىكى پارتىزانلىق ئۇرۇشى داۋامىدا بولسۇن، غۇلجا شەھىرىدە بولغان ئۇرۇشلاردا ياكى ھەربىي كۇرس داۋامىدا بولسۇن، شۇنىڭدەك غۇلجا زاپاس 4 ـ پولكىدا ۋوزۋوت كوماندىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرىدە بولسۇن، ھەممىسىدە دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى دائىم ئەستە چىڭ ساقلاپ كەلگەنىدى.

— مەن ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان بولساممۇ، پەقەت ئىككى يىللا ئوقۇيالىدىم، سەۋىيەم تۆۋەن، شۇڭا يەنىلا ئۆز قىسمىمغا قايتىپ كەتكىنىم ياخشى. چۈنكى، ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، جەڭگىۋار سەپداشلىرىمدىن ئايرىلالمايمەن، — ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئوچۇق دەيدۇ.

پودپولكوۋنىك، ئابدۇللايوف مۇزەپپەرنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلايدۇ، ئاندىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

— بىزمۇ سىزگە ئوخشاش ئويلايمىز، مېنىڭمۇ ئالدىنقى سەپكە بارغۇم بار، لېكىن ھۆكۈمىتىمىز مېنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتمىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ . . . مەن چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن. ئالدىنقى سەپكە بېرىش قىزغىنلىقىڭىز ياخشى. بۇ روھىڭىزنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن، سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، ھەممە ئادەم ئالدىنقى سەپكە كېتىۋەرسە، ئارقا سەپتىكى ئىشنى كىم قىلىدۇ؟ ئارقا سەپ ئالدىنقى سەپنىڭ تېرىكى، ئۇلى

ھېسابلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇلى بولمىسا، ئۇي ئۇرۇلۇپ چۈشىدۇ، بۇيەردىكى ئارقا سەپنىڭ ئىشمۇ ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلغانغا ئوخشاش، ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ ھەم بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ. سىز بۇنى چۈشىنەلمەيدىغان يەردە ئەمەسسىز، ئالدىنقى سەپكە كوماندىرلارنى تەربىيىلەپ ئەۋەتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئارقا سەپتىكى بىر جەڭ. ناۋادا بىر تەلىم ـ تەربىيە روتىسى ئون ئادەمنى تەربىيىلەپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتسە، ئۇ چاغدا ئالدىنقى سەپتە ئون كوماندىر، ئەگەر 100 نى تەربىيىلەپ ئەۋەتسە 100 كوماندىر كۆپەيدى دېگەن سۆز. ھالبۇكى، سىز يالغۇز بارسىڭىز پەقەت بىرلا كوماندىر كۆپىيىدۇ، خالاس. شۇنداق ئەمەسمۇ؟! شۇڭا، ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئەڭ ياخشىسى سىزنىڭ تەلىم ـ تەربىيە روتىسىغا بارغىنىڭىز تۇزۇك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بۇنى بۇرۇنلا كېلىشىپ بولغان.

پودپولكوۋنىك «كېلىشىپ بولغان» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىدۇ. ئۇ ئابدۇللايوف مۇزەپپەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرىدۇ. پودپولكوۋنىكنىڭ سۆزلىرى پۈتۈنلەي يوللۇق بولغاچقا، ئابدۇللايوف مۇزەپپەر بىرەر باھانە ـ سەۋەب تېپىشقىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. كۆڭلىدە بولسا «گارنىزونغا يولۇقمايلا بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ كېتىپ قالغان بولسامغۇ بۇ ئىش يوقتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش بېكىتىلىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ؟!» دېگەننى ئويلايدۇ.

— بوپتۇ باراي! — بۇ سۆز ئابدۇللايوفنىڭ ئاغزىدىن ئاران چىقىدۇ.

پودپولكوۋنىك ئابدۇللايوفنىڭ يېنىغا يېقىنراق كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويۇپ:

— بۇ ئىشقا تازا قىزغىن كۆرۈنمەيسىزغۇ؟ ئىدىيىڭىزدىن هازىرچە ئۆتمىسە، كېيىنچە ئۆتىدۇ. بىز دېگەن هەربىي ئەمەسمۇ؟ هەربىي دېگەن بۇيرۇققا بويسۇنىدۇ. قەيەرگە دېسە شۇيەرگە بارىدۇ.

ئابدۇللايوف مۇزەپپەر ئۈن - تىنسىز تۇرىدۇ. پودپولكوۋنىك ئۇرنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىدۇ:

— خوش ئەمدى مەقسەتكە كېلەيلى، تەلىم - تەربىيە روتىسىنى جەمئىي ئۈچ ۋوزۋوتقا ئايرىپ هەر بىر ۋوزۋوتنى ئۈچ ئوتدېلېنىيىدىن قىلىپ تەشكىللەڭ! ئوتدېلېنىيە كوماندىرلىرىنى جەڭ كۆرگەن، ساۋاتلىق جەڭچىلەردىن تاللاپ بېكىتىڭ. هازىر بار ئىككى ئوفىتسېرنى كوماندىر ۋوزۋوت قىلىڭ، يەنە بىرسىگە جەڭ كۆرگەن ئوتدېلېنىيە كوماندىرى بولغان ساۋاتى ياخشىراقلىرىدىن تاللاپ بېكىتىپ بىزگە يوللاڭ. ئۆتۈلىدىغان هەربىي دەرسلەر توغرىسىدا بىر پىلانمۇ بولسۇن، كۇرس ۋاقتى ئىككى ئاي بولسا بولىدۇ. . . بۇگۈنلا بېرىپ ئىشقا كىرىشىڭ، پىلاننى ئىككى كۈن ئىچىدە تۈزۈپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭ، مېنى بۇيەردىكىلەر پودپولكوۋنىك ئەخمەت دېيىشىدۇ، زۆرۈر ئىشلار بولسا مېنى ئىزدىسىڭىز بولىدۇ.

ئابدۇللايوف شۇ چاغدىلا پودپولكوۋنىكنىڭ ئىسمى ئەخمەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى هەربىي بۆلۈم دېگەن سۆزنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. هەربىي بۆلۈمنىڭ خىزمەت دائىرىسىنىمۇ

بىلمەيتتى. ئەمدى بىلدىكى ھەربىي بۆلۈم، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي ئىدارىسى بولۇپ، پۈتۈن سەپەرۋەرلىك خىزمەتلىرىگە، يەنى يېڭىدىن ھەربىي قىسىملارنى قۇرۇش، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش، ئالدىنقى سەپنى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تولۇقلاش، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن ماسلىشىپ، قىسىملارنى قورال ـ ياراغ، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلەر بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل ئىدارە ئىكەن.

ئابدۇللايوف شۇ كۈنلا ھەرەمباغقا چىقىپلا تەلىم ـ تەربىيە روتىسىنىڭ ئىككى ئايلىق ھەربىي ئۆگىنىش پىلانى بىلەن ياردارلارنىڭ ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزدى. ئەتىسى تەلىم ـ تەربىيە روتىسىدىكى ئىككى ئوفىتسېر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، روتىنى ۋوزۋوت، ئوتدېلېنىيەلەرگە بۆلۈپ، كوماندىرلىرىنى بېكىتىپ چىقتى. ھەربىي ئۆگىنىش پىلانى ۋە روتىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىش ئەھۋالىنى ھەربىي بۆلۈمگە يوللىدى ھەم شۇ كۈنلا «ھازىرچە مۇشۇ پىلان بويىچە ئىشلەشكە بولىدۇ» دېگەن تەستىقنى ئالدى. ئاندىن ئۇ تەلىم ـ تەربىيە روتىسىدىكىلەرنى يىغىپ، روتا تەشكىلى ۋە كوماندىرلىرىنى ئېلان قىلدى. ئاندىن دەرس پىلانى ۋە دەرس جەدۋىلىنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى.

* *        * *        * * *

بىر كۈنى ئابدۇللايوف ياردارلارغا دىكتار

پىلىموتنىڭ جەڭگىۋار خۇسۇسىيەتلىرىدىن دەرس ئۆتۈپ بولۇپ، تەلىم - تەربىيە روتىسىغا قايتىپ كېلىۋېتىپ، دەرۋازا سىرتىدا توختىتىپ قويۇلغان بىر كالاسكا ھارۋىنى كۆرىدۇ. ھارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا ھەربىي بۆلۈم باشلىقى پودپولكوۋنىك ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن يەنە بىر كىشى ھارۋىدا ئولتۇرغانىكەن. ئابدۇللايوف ئۇلارغا ھەربىيچە سالام بېرىدۇ.

— قاراڭ، سىلەرنىڭ قاراۋۇلىڭلار چىڭكەن، بىزنى كىرگىلى قويمىدى. بۇ بىر ياخشى ئىش، بۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىغانلىق! — دەيدۇ پودپولكوۋنىك ئەخمەت ئەپەندىم.

پودپولكوۋنىك ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سول قولىدا ئاتنىڭ بوچىسى، ئوڭ قولىدا بىر چىۋىق بولۇپ، كالاسكىدا خۇددى ھارۋىكەشتەك مەزمۇت ئولتۇراتتى. پودپولكوۋنىك ھەربىي بۆلۈم باشلىقى بولغان ئەخمەت ئەپەندىم پۇقراچە كىيىنگەنىدى.

— خوش ئەھۋالىڭلار قانداق؟ — دەيدۇ ھەربىي بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ئەپەندىم قورۇ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ.

ئابدۇللايوف ئاساسىي ئەھۋاللارنى قىسقىچە دوكلات قىلىدۇ.

— بىز بۈگۈن سىلەرنى يوقلىغاچ، بۇيەردىكى گازارمىلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگىلى چىققتۇق. گازارمىلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم.

ئابدۇللايوف ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ:

— ھازىر بىز تۇرۇۋاتقان گازارمىلار يېقىندىن رېمونت

قىلىنغانىكەن، ئەمما باشقا گازارمىلاردىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. ئۇلار ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان بويىچە تۇرىدۇ. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئۈستى پۈتۈنلەي ئوچۇق، بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئۆرۈلگەن، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى يوق.

ئۇلار ھەرەمباغ ئىچىدىكى پۈتۈن ئۆيلەرنى، ھەتتا ھاجەتخانىلارغىچە بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم يېنىدىكى كىشىدىن:

— خوش، ئەنۋەر ئەپەندىم، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، رېمونت قىلىشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ — دەپ سورايدۇ.

ئابدۇللايوف شۇ چاغدىلا ئۇ كىشىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەنۋەر مۇسابايوف ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. ئەنۋەر مۇسابايوف سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— جىددىي تۈتۈش قىلساق ئىككى ئايچە ۋاقىت كېتەر، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

— ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى، — دەيدۇ پودپولكوۋنىك ئەخمەت ئەپەندىم، — سىز قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىڭ، ئۇلار بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇپ دەرھال كۆزدىن كەچۈرۈپ پىلان تۈزسۇن، قانچە ئىشچى لازىم بولسا شۇنچىنى تەشكىللەڭ. ئەگەر ئىشىمىز يۈرۈشۈپ كەتسە، بەلكى ئىككى ئاي ۋاقىتمۇ كەتمەس.

— بولىدۇ، تىرىشىپ كۆرەيلى، — دەيدۇ ئەنۋەر مۇسابايوف بېشىنى لىڭشىتىپ.

بىر چاغدىن كېيىن پودپولكوۋنىك ئەخمەت ئەپەندىم ئابدۇللايوفقا قاراپ:

— بۇ ئەتراپتىكى خەلق بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ تۇرامسىلەر؟ — دەپ سورايدۇ.
ئابدۇللايوف بۇ ئەتراپتىكى ئاممىا بىلەن تېخى كۆرۈشمىگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنى تونۇمايدىغانلىقىنى، ھال - ئوقىتىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى راستى بىلەن دەپ بېرىدۇ.
پودپولكوۋنىك ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىز قاملاشماپتۇ. بۇيەرگە كەلگىنىڭىزگە ئۇزاق بولمىدى. شۇڭا، ئۇلگۈرەلمىگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. ھازىرچە سىزنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەربىيلەر ھەرقانداق چاغدا ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشى كېرەك. خەلق — سىزنىڭ، بىزنىڭ، ھەممىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى. بىز خەلقنى دەپ ئىنقىلاب قىلدۇق. بىزنى بېقىۋاتقان، قوراللاندۇرۇۋاتقان، ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىۋاتقانلار ئاشۇ خەلق ئەمەسمۇ؟! بىز خەلقتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمىز، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، تۇرمۇشىنى، تەلەپ ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك، ئۇلارغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشىمىز، ئۇلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىشىمىز لازىم،— دەيدۇ.
ئابدۇللايوف ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سەل خىجىل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتلەر داۋامىدا ئۇ نەگىلا بارسا، شۇيەرنىڭ شارائىتى ۋە خەلقى بىلەن تونۇشىدۇ، ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

* *　* *　* * *

ئابدۇللايوف ئۆز قىسمىغا قايتىش ئارزۇسىدىن تېخى يانمىغانىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «تەربىيە روتىسىدىكىلەرمۇ يەنە 20 كۈندىن كېيىن قىسىملىرىغا تەقسىم قىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن، يۆتكىلىشكە يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرمەيمەنمۇ؟» دەپ ھەربىي بۆلۈمگە بارىدۇ. ماشىنىست قىز ئۇنىڭ سوئالىغا «ئەخمەت ئەپەندىم ھۆكۈمەت يىغىنىدا، قاچان چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئابدۇللايوف بىردەم ساقلاپ تۇرايمۇ ياكى ھازىر كېتىپ، كېيىن باشقىدىن كېلەيمۇ دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، شۇ چاغدا ئىككى ئادەم كېلىپ «ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشەتتۇق» دەيدۇ. ماشىنىست قىز ئۇلارغىمۇ بايىقىدەك جاۋابنى بېرىدۇ. ئۇلاردىن بىرى: «مۇشۇ خەتنى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۆز قولىغا بېرىپ قويۇڭ» دەپ خەت سېلىنغان كونۋېرتنى قىزنىڭ قولىغا بېرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئابدۇللايوفمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىدۇ، ئىچىدە: «ھەربىي بۆلۈم باشلىقى، پودپولكوۋنىك، دېگەن سۆزلەرگە قارىغاندا ‹ ئەخمەت ئەپەندىم › دېگەن سۆز يېقىملىق ئاڭلىنىدىكەن، ئاتاشقىمۇ ئاسان ھەم قىسقا بولىدىكەن» دېگەننى ئويلايدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە بارسا، ئەخمەت ئەپەندىم بار ئىكەن. ئابدۇللايوف ھەربىي قائىدە بويىچە سالام بېرىپ بولۇپ، سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ، ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قاققان قوزۇقتەك تىك تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ قېنى ئولتۇرۇڭ، بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورايدۇ.

ئابدۇللايوف ئۆز قىسمىغا قايتىش تەلىپىنى توغرىدىن - توغرىغا ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتىنالماي، سەل ئويلىنىۋېلىپ ئالدى بىلەن تەلىم - تەربىيە روتىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە دوكلات قىلىدۇ، ئاندىن قىسمىغا قايتىش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم بىر قولىدا قېرىنداشنى توتقان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ئويچان هالدا ئۇيان - بۇيان ئۇستىلىگە يانداش قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— شۇنداق قىلىپ يەنە كېتىمەن، دەڭ، تېخىچە نېيىتىڭىزدىن يانماپسىز - دە، دەسلەپتىلا ئېيتقانىدىڭىز ئۆتمىگەنىدى، دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ چاغدىكى روهىي هالىتىدىن ئۇنىڭ خاپا بولغانلىق ياكى قوشۇلماسلىق كەيپىياتىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەخمەت ئەپەندىم ئابدۇللايوفنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— تەلىم - تەربىيە روتىسىنى ۋە ياردىدارلارنى ئوبدان باشقۇردىڭىز، بىز سىزدىن رازى. ئەمما، تەلىم - تەربىيە روتىسىنىڭ ئىشلىرى ئاياغلاشقاندا ماڭىسىزمۇ بولاتتى. قوشۇلسام بولغۇدەك. بوپتۇ، ئالدىنقى سەپكە بارىمەن دېسىڭىز بېرىڭ، سىز مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ماڭسىڭىز ئىستانكۇۋىي پىلىموت بار، ئالغاچ كېتىڭ، — دەيدۇ.

ئابدۇللايوفنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقىدىن ئويناپ كېتىدۇ. ئالدىنقى سەپكە ئېلىپ كېتىدىغان ئىككى دانە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىز قەدىناس دوستلارغۇ

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن 1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا غەربىي زالدا ئويۇن قويۇلىدۇ. بۇرھان شەھىدىمۇ بۇ ئويۇنغا تەكلىپ بىلەن كېلىپ، بۇيەردە ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن دىدار كۆرۈشىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قويۇق، قاپقارا قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان روھلۇق، سىياسىئونغا خاس سالاپەتكە ئىگە كىشى ئىدى. بۇرھان شەھىدى ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ناھايىتى تونۇشتەك، گويا بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمما، قەيەردە كۆرگەنلىكىنى دەرھال ئېسىگە ئالالمايدۇ. بۇ كىشىنى زادى قەيەردە كۆرگەندىمەن؟!

بۇرھان شەھىدى ئۇنىڭ گومىنداڭ ۋەكىلى بىلەن ئۆتكۈزگەن تىنچلىق سۆھبىتى جەريانىدا كۆرسەتكەن ئۇنتۇلغۇسىز تۆھپىسىنى تەرىپلەيدۇ، ئاندىن ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

— مەن سىزنىڭ ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن، — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ناھايىتى كەمتەر، تولىمۇ يۇمۇرلۇق كىشى ئىدى. ئۇ بۇرھان شەھىدىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى، لېكىن مۇنداق ماختاشقا مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ، بۇرھان شەھىدىگە مۇنداق دەيدۇ:

— بىز سىزنى ئىككى مۇئاۋىن رەئىسنىڭ بىرى بولۇشقا كۆرسەتتۇق ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردۇق. . . مەنمۇ سىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن، ئەمدى بىز بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى.

بىر دەقىقىدىن كېيىن بۇرھان شەھىدى:

— مەن سىلەرنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىڭلارنى ئاقلاش ئۈچۈن سىلەر بىلەن بىللە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق - ئەركىنلىكى ۋە بەخت سائادىتى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىشنى خالايمەن، — دەيدۇ.

بۇرھان شەھىدى باشقا ئىشلار توغرىسىدىمۇ ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىدۇ. شۇ ئەسنادا ئەخمەت ئەپەندىم ھاياجانلانغان ھالدا:

— بىز ئەسلىدىنلا قەدىناس دوستلارغۇ! — دەيدۇ.

بۇرھان شەھىدى توساتتىن چىققان بۇ سۆزدىن ھەيران قالىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم ئارقىدىنلا:

— سىز تۇرمىدە، ھېلىقى كىچىك ھويلىدا تۇرغان چېغىڭىزدا مەن ھەر كۈنى ئۇيەرگە سۇ ئالغىلى كېلەتتىم. بىز شۇ چاغدا بىر - بىرىمىزگە قاراپ مىيىقىمىزدا كۈلۈشۈپ قويۇشاتتۇققۇ؟ — دەيدۇ.

بۇرھان شەھىدى: «ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، جۇل - جۇل كىيىم كىيىۋالغان، قاپقارا بۇرۇتلۇق، قۇدۇق بېشىدا سۇ تارتىدىغان يىگىت . . . ئۇ مېنىڭ تۇرمىدىكى ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بىراق، بىز ئۇچاغدا بىر - بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى سورىيالمىغانىدۇق. بۇ مېنىڭ شۇچاغدىكى تۇرمىدىشىم ئىكەن. ئۇ چاغدا مەن دائىم ئۇنىڭغا تۆمۈر ۋادەكتىن① قارايتتىم، كۆزلىرىمىز بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا كۈلۈشۈپ قوياتتۇق. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ھېلىقى كىچىك ھويلىغا ئىككىنچىلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرمىدىم. ئەمدى بىلدىم، ئىسمىنى بىلمەيدىغان بۇ دوستۇم ئىنقىلابچى ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەن ئەمەسمۇ؟ . . .» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

بۇرھان شەھىدى ھاياجان ئىچىدە ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن يېڭىۋاشتىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

— شۇ چاغدا سىز مېنىڭ قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدىڭىز، مەن سىزنىڭ ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەنلىكىڭىزدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدىم. مەن تېخى سىزنى شېڭ شىسەي ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. مانا بۈگۈن دوستۇمنى تاپتىم، ئەمدى مەقسىتىمىزنى كۆز ئىشارىتى بىلەن ئۇقتۇرۇپ يۈرمەيمىز.

ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا:

— ئەمدى ئارىمىزدا توسالغۇ بولۇپ تۇرىدىغان «سەددىچىن سېپىلى» قالمىدى، دەيدۇ.

---

① ۋادەك — رېشاتكا

# بىز ئۆلارنى دورىماسلىقىمىز لازىم

ئەخمەت ئەپەندىم ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەتتە رەسمىي ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ئائىلىسىنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىدىكى «جەنۇبىي باغچە» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ قورۇغا كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئايالى ماهىنۇرخانىمنىڭ، چوڭ شەھەرنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ماسلاشقۇسى كېلىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇلار توي قىلغان چاغدىمۇ بىر پارچە ياماق چۈشكەن يوتقاندىن باشقا قولغا چىققۇدەك نەرسىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆيىنى تۈزىگۈدەك بولمىغانىدى.

كۆڭلىدە: «ئەخمەتجان ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئەمدى ئۆي - بىساتلىرىمىزنى بىرەر قۇر تولۇقلىۋالمىساق بولماس» دەپ ئويلىغان ماهىنۇرخانىم ئەخمەت ئەپەندىمگە دېمەيلا ئىككى قۇر يوتقان - كۆرپە، ئۈچ قۇر يېڭى كۆڭلەك تىكتۈرىدۇ ھەمدە قاچا - قومۇچ، ئۆي سەرەمجانلىرىنى سېتىۋالىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم كېيىن بۇ ئىشنى بىلىپ قالىدۇ. ئۇ ماهىنۇرخانىمغا خاپا بولغاندەك قىلىپ:

www.uyghurkitap.com

— بىز ھەرگىز گومىنداڭنىڭ باي ـ ئەمەلدارلىرى، مودا خېنىملىرىنى دورىماسلىقىمىز لازىم. ئۇلار خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى ئىچىدىغان پارازىت قۇرتلار. ھازىر بىزنىڭ خەلقىمىز ناھايىتى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم،— دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماھىنۇرخانىمنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىدۇ. ئاندىن سەممىيلىك بىلەن:

— بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلاي! — دەيدۇ.

# سۇرگۇن قىلىنۋەتسەك بولماس

ئەخمەت ئەپەندىم ئىشتىن تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئايالى ماھىنۇر قاسىم تاماقنى ئېتىپ قويۇپ، ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. «نېمىشقا ۋاقتىدا كېلىپ تاماقنى يېمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىغان ماھىنۇر قاسىم: «قاراپ باقايچۇ؟» دەپ ئىشىكتىن ئەمدى چىقىشىغا ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ.

— ۋاقتىدا كېلىپ تامىقىڭىزنى يېسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەيدۇ ماھىنۇر قاسىم ھەم كۆيۈنگەن ھەم سەل رەنجىگەن ھالدا.

— ھەي ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىنى دېمەيسىز؟ قېنى دەڭە، كىمنىڭمۇ تاماقنى ۋاقتىدا يېگۈسى يوق! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم.

— ئۇغۇ شۇنداق! — ماھىنۇر قاسىم لېگەندە پولو ئېلىپ كېلىدۇ. پولو ئۈستىدىكى ئىككى پارچە سېمىز گۆش كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ، مەززىلىك پۇراپ تۇراتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم پولونى كۆرۈپ كۈتۈلمىگەندە:

— سۈيۈقئاش، شويلىلارنى تاماق شىرەسىدىن

سۈرگۈن قىلىنغۇەتسەك بولماس، — دەپ چاقچاق قىلىدۇ.

ماھىنۇر خانىم سەل تۇرۇۋېلىپ:

— سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن، باشقىلارچۇ ھەمىشەم ماڭا، — ئەخمەت ئەپەندىمنى ياخشى تاماقلار بىلەن ئۇزۇۋقلاندۇرۇك، شۇنداق قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، — دەۋاتىدۇ.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟ — دەيدۇ، — ئەخمەت ئەپەندىم.

— مەن ئۇنىڭ ياخشىراق غىزالىنىشىنى خالىمايتتىممۇ؟ — دېدىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ گېپىگە كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى دەڭە.

ئەخمەت ئەپەندىم ماھىنۇر قاسىمغا قاراپ قويۇپ:

— ياخشى دەپسىز، لېكىن كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ! — دەيدۇ.

# خەلق نېمە ئۈچۈن نامايىش قىلىدۇ

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجوڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەت ئەپەندىمدىن سورايدۇ:

— بىز خەلققە ئەركىنلىك بېرىۋاتساق، بىتىمنى ئىجرا قىلىۋاتساق، خەلق نېمە ئۈچۈن يەنە نامايىش قىلىدۇ؟

ئەخمەت ئەپەندىم ئادىتى بويىچە بۇ قېتىممۇ بىر ھېكايە ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ:

— جانابىي جاڭ بۇجاڭ، مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر كىشىنىڭ بىر دوستى بار ئىكەن، ئۇ دوستىنى مېھمان قىپتۇ. ئۇ كىشى ئەسلىدە ھاماقەترەك ئىكەن، داستىخانغا ھەسەل قويدۇم، دەپ قىچا يېغى قويۇپتۇ. ئۇنى ھېلىقى دوستى يەپ باقسا، قىچا يېغى بولغاچقا، يېيەلمەپتۇ. قىچا يېغىنى يېيەلمىگەن ئۇ كىشى يەنە بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ساھىبخانا ھەسەل قويۇپتۇ. لېكىن ئۇ، بۇنىمۇ يېيەلمەپتۇ. نېمە ئۈچۈن يېيەلمەيۋاتقانلىقىنى سورىسا، ئۇ، بۇمۇ يەنە قىچا يېغى بولۇپ قالمىسۇن دەۋاتىمەن، — دەپتىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھازىر خەلق ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بىز خەلق ئامىسىغا بەردۇق، دېگەن

ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ھەسەلمۇ ياكى قىچا يېغىمۇ دەپ ئويلىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، نامايىشىنىڭ ئۆزى ئۆتمۇشتە يېگەن قىچا يېغىنى ئەمدى تەكرار يېمەيمىز، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ جاۋابىدىن جاڭ جىجۇڭ تولىمۇ ھەيران قالىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت غەربتىن تارقالغانمۇ ياكى شەرقتىنمۇ؟

جاك جىجوك بىر قېتىم ئەخمەت ئەپەندىمنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن:
— مەدەنىيەت غەربتىن تارقالغانمۇ ياكى شەرقتىن؟ — دەپ سوراپتۇ؟
ئەخمەت ئەپەندىم قىلچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:
— شەرقمۇ ئۆز دەۋرىدە مەدەنىيەت تارقاتقان، مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان جاي. ئۆز نۆۋىتىدە غەربمۇ مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن نىمەت ياراتقان. دېمەك، ھەر قايسى تەرەپنى ئۆز تۆھپىسى، ئۆز ئورنى بويىچە ئاتايمىز ۋە شۇنداق تەرىپلەيمىز. ئۇنىڭ ئىنسانلارغا پايدىلىق شەرت - شارائىت ياراتقان تەرەپلىرىنى چەتكە قېقىشقا ھەققىمىز يوق. شۇڭا، مەيلى شەرق بولسۇن ياكى غەرب بولسۇن، ئۆز ۋاقتىدا گۈللەنگەن، ياشنىغان دەۋرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي، چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش توغرا ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن جاك جىجوك ئەخمەت ئەپەندىمگە قايىل بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# باش شتابتا

1946 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئوچۇق ۋە چىرايلىق ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ باش شتاب باشلىقى گېنېرال ماژاروف ھەر قايسى بۆلۈم ـ ئىشخانىلاردىكى ئوفىتسېرلەرنى چوڭ زالغا يىغدۇ. ئۇ ئوفىتسېرلەرگە، ھازىر بۇيەرگە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇ. بۇ چاغدا قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پاگون، كاكارلىرى قاچىلانغان ئىككى ساندۇقنى شتاب باشلىقىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدۇ. شتاب باشلىقى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پاگون، كاكارلىرىنى ئاستا قولىغا ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىدۇ ۋە:

— بۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ پاگون ۋە ئاي يۇلتۇزلۇق كاكارلىرىمىز بىلەن قوشۇپ تاقايدىغان بولدۇق! — دەيدۇ.

بۇ ئىشتىن ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەممىسى تولىمۇ تاسادىپىيلىق ھېس قىلىشىدۇ ۋە ھەيران قېلىشىدۇ.

— بۇ بىزگە قىلىنغان ھاقارەت ئەمەسمۇ؟

— بىز مىللىي غۇرۇرىمىزغا ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىمىزگە ئىلھام بېرىدىغان ئۆز پاگون - كاكارلىرىمىزدىن ئەمدى ئايرىلىپ قالامدىكەنمىز؟

بۇ خىل ئەندىشىلەر ئوفىتسېرلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىماي كۆز يېشى قىلغانلارمۇ بولىدۇ.

بىر چاغدىن كېيىن شتاب باشلىقى مازاروف بۇيرۇق تەلەپپۇز ىدا:

— هازىر مەيدانغا چىقىپ سەپكە تىزىلىڭلار. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەت ئەپەندىمنى كۈتۈۋالىمىز، — دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن غۇلغۇلا، نارازىلىق بىردەملىككە سەل پەسەيگەندەك قىلىدۇ.

شۇئان ئوفىتسېرلەرنىڭ ھەممىسى مەيدانغا چىقىپ سەپكە تىزىلىدۇ، تەلمۈرگەن كۆزلەر يولغا تىكىلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم پولكوۋنىك قېيۇم بەگنىڭ ھەمراھلىقىدا پىكاپتىن چۈشىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندى ئوفىتسېرلەرگە بىر تەكشى قارىۋېتىپ:

— سالام ھۆرمەتلىك ئوفىتسېرلەر، ياخشى تۇرۇپسىلەر! مەن سىلەرگە بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەيمەن! — دەيدۇ.

ئوفىتسېرلەر ئارىسىدىن ياسوف ئابلىمىت جىددىيلەشكەن ھالدا سۆز قىلىپ:

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، بىز نېمە ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى تاقايمىز؟ — دەپ سورايدۇ.

— شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ پاگون،

كاكارلىرىمىز كۆچتىن قالامدۇ؟ — يەنە بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم قولىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرىدۇ:

— سورىغان سوئالىڭلار ئورۇنلۇق، ناھايىتى جايىدا بولدى. بۇ بىر ۋاقىتلىق ئىش، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىزنىڭ بۇيەرگە كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلمەكچى، بىز ئۇنى كۆرسۇن دەپ مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. . .

ئوفىتسېرلەر ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى جىمجىتلىق ئىچىدە كۆڭۈل قويۇپ، ناھايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم سالماقلىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلىدۇ:

— بىز رەقىبىمىزنى پاكىت بىلەن قايىل قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا مىللىي ئارمىيىمىزگە كېتىدىغان بارلىق راسخوتنىڭ يېرىمىنى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىلەن داڭ بىگاڭلارنىڭ قولىدىن ئالالايمىز!

ئوفىتسېرلەر «ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە!» دېگەن مەنىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشىدۇ.

— جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى كەلگەندە جەڭگىۋارلىقىڭلارنى ياخشى ساقلاڭلار، مېھمانلار ئالدىدا ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى سالماق تۇتۇڭلار. . . غېنى باتۇرغىمۇ كەيپ بولۇپ قېلىپ، ئوق چىقىرىپ قويماسلىقنى تاپىلايمەن.

* * * * * *

باش شتاب ئوفىتسېرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى پاگون، كاكارلىرىغا گومىنداڭنىڭمۇ شۇ خىلدىكى نەرسىلىرىنى قوش تاقاپ ئۆيلىرىگە پىيادە كېتىشىۋاتاتتى.

كوچىلاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى. كىشىلەر ئوفىتسېرلەرنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ هومىيىپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتاتتى. بەزىلەر ئاغزىغا كەلگەنچە بىر نېمىلەرنى دېيىشتىنمۇ يانمايدۇ.

— هوي، جياڭ جيېشىنىڭ ئادىيۇتانتلىرى!

— ئاخىر گومىنداڭغا تەسلىم بولغان ئوخشىمامسى- لەر؟

— 11 ماددىلىق بىتىم دېگىنىڭلار بىكار گەپ. قاراپ تۇرۇڭلار، گومىنداڭ ئۇ بىتىم - پىتىم دېگىنىڭلارنى يىرتىپ تاشلاپ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ!

— قېنى دەڭلارچۇ؟ بىزنىڭ ئىنقىلاب يولىدا تۆككەن قانلىرىمىز نەگە كەتتى؟

— دېمىڭلار ئىچىڭلارغا چۈشۈپ كەتتىمۇ؟

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟

كوچىدىكى كىشىلەر شۇقەدەر غەزەپكە كەلگەنكى، ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن سەل - پەل باهانە - سەۋەب تېپىۋالسا، ئوفىتسېرلەرنى ئۇرۇپ - چەيلەپ يانجىۋېتىشتىن يانمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تېخى بەزىلىرى ئوفىتسېرلەرنىڭ بېشىدىكى گومىنداڭنىڭ كاكارى قادالغان شەپكىسىنى يەرگە ئېتىپ، ياقىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پاكونلىرىنى سۆكۈۋېتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوفىتسېرلەر گومىنداڭنىڭ بەلگىلىرىنى ئىش ئورنىدا تاقاپ، ئاشكارا سورۇن، كوچىلاردا تاقىمايدىغان بولدى. بۇ ئىش جاڭ جىجوڭ ئىلىدىن قايتقۇچە داۋام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىش بۇرۇنقى ھالىتى بويىچە داۋام قىلىشقا باشلايدۇ.

# بىز تەييار

1946 ـ يىلى، ئاۋغۇست ئايلىرى، غۇلجا شەھىرى بەكمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. قولىغا قورال ئېلىپ قانلىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئازادلىقنى، ئەركىنلىكنى، قولغا كەلتۈرگەن بۇيەردىكى خەلق تولىمۇ ئەركىن، باياشات ياشاۋاتاتتى. ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈمىكىنى باشلاپ غۇلجا شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ليۇمېڭچۈن، ئىچكى ئىشلار نازىرى ۋاڭ زېڭشەن، مالىيە نازىرى لۇيۇۋېن، ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى چۇي ۋۇ، گېنېرال داڭ بىگاڭ، پولكوۋنىك زاكچىن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش شتابى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن تەشكىللەنگەن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى قارشى ئېلىش يىغىنى ئېچىلىدىغان مەيدان ئەتراپىنى ناھايىتى كۈچلۈك

قوغداۋاتاتتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونلاردا، ئەخمەت ئەپەندىم، زۇنۇن تىيىپوف، ھېكىمبەگ خوجا، ئابدۇروف مەخسۇم، ئىمىن مەخسۇم، مۇھەممەتجان مەخسۇم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلىشى بىلەن رەئىس جاڭ جىجۇڭ ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ئۈمەك تەركىبىدىكى مېھمانلار ۋاڭ قادىر بېغىغا راسلانغان يىغىن مەيدانىغا يېتىپ كېلىدۇ.

ھەربىي ئوركېستىر قارشى ئېلىش كۈيىنى ئورۇندايدۇ. بويەرگە نەچچە مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى توپلانغانىدى. يىغىن سەھنىسى نۇرغۇن ئەربابلار بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قانچە كۈن بۇرۇن بويەرگە يېتىپ كەلگەن ئۆلكىلىك تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇت سابىرمۇ بار ئىدى. گومىنداڭ گېنېرالى داڭ بىگاڭ سەھنىدە ئولتۇرۇپ خۇددى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىدەك پۇزۇر كىيىنگەن مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىگە كۆز قىرىدا قاراپ ئىستىھزالىق بىلەن ھىجىيىپ قويىدۇ.

بىر چاغدىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم رەئىس جاڭ جىجۇڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلىدۇ. رەئىس جاڭ جىژجۇڭ دەسلەپىدە خېلى ئورۇنلۇق گەپلەرنى قىلغاندەك قىلىدۇ. لېكىن، ئاخىرىغا بېرىپ: «ھەممىدىن مۇھىمى تىنچلىق»، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە «ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىش، سەۋرچان بولۇش، دۆلەتنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىش» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ، بۇ چاغدا ئاممىنىڭ غەزىپى بىردىنلا قوزغىلىپ، مەيدانىنى سۈرلۈك كەيپىيات قاپلاپ كېتىدۇ.

داڭ بىگاڭ، ۋاڭ زېڭشەن قاتارلىقلار ئورنىدىن

تۇرۇپ جامائەتنى جاڭ جىجۇگىنىڭ سۆزىگە چاۋاك چېلىشقا ئۈندىگەندە، ئۆمەكتىكىلەردىن باشقا ھېچكىم چاۋاك چالغىلى ئۇنىمايدۇ.

جاڭ جىجۇگىنىڭ سۆزى ئەمدى ئاياغلىشىشىغا ئاتۇشلۇق ناتىق ئابلەت مەخسۇم ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ-دە، ئامما ئارىسىدا ئېگىز ئورۇندۇقتا چىقىۋېلىپ سۆز قىلىشقا باشلايدۇ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، رەھبەرلەر، قېرىنداشلار شىڭ شىسەي بىلەن جياڭ جېيشى بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن مېنىڭ شىجائىتىمگە سىم توساق قۇرۇپ، قەلبىمنى تۇنجۇقتۇرۇپ، ئاغزىمغا يوغان شادا قۇلۇپ سېلىۋەتكەنىدى. مانا بۇ لەنىتى شادا قۇلۇپنى بىزنىڭ ئىلى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ بازغىنى پاچاقلاپ تاشلىۋېتىپ، مېنىڭ زۇۋانىمنى ئېچىپ قويدى. مېنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتنى كۈيلەپ كەلگەن تىلىمغا نىجاتلىق بەردى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىز ئەكسىيەتچى - زالىملارنى بېقىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كەلدى. لېكىن، بۇ زالىملار خەلقىمىزنى ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىگە تاشلىدى. نادانلىقتا تۇتتى. خانىۋەيران قىلدى، زىندانلارغا مەھكۇم قىلدى. نەتىجىدە بىز چەكسىز خورلاندۇق، كەمسىتىلدۇق، ئېزىلدۇق. بايا جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئەللەي ئېتىپ، بىزنى بەكمۇ بىخۇدلاشتۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ گەپلەرنى قىلدى. بىز كۈرەش ئارقىلىق ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە ئېرىشەلەيمىز. شۇڭا، بىزگە يالغان، ياسالما تىنچلىقنىڭ كېرىكى يوق. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئابلەت مەخسۇمنىڭ سۆزىگە پۈتۈن مەيداندا ئالقىش ساداسى ياڭرايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم سۆز قىلىدۇ:

— مۆتىۋەر ئاتىلار، قېرىنداشلار، ئىنقىلاب — ئاغدۇرۇش، دۇم كۆمتۈرۈش دېگەن سۆز. بىز ئەنە شۇ مەنىدىكى ئىنقىلابنى قىلدۇق. شۇڭا، بىزگە كۈرەشچان، جانلىق تىنچلىق كېرەك. ھەقىقىي تىنچلىقنىڭ توپ كاپالىتى، ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك! بىز 11 ماددىلىق بىتىمگە ھەقىقىي ئەمەل قىلىمىز ۋە ئۇنى سەمىمىي يوسۇندا ئىجرا قىلىمىز. ئەمدى گەپ كىمدە قالدى؟ گەپ بىز بىلەن بىتىم پۈتۈشكەن گومىنداڭ پىرقىسى تەرەپتە قالدى. ئۇلار 11 ماددىلىق بىتىمگە ھەقىقىي رىئايە قىلىپ، سەمىمىي ئەمەل قىلسىلا، بىزدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. ياشىسۇن ئىنقىلاب...

مەيداندا ئۇزۇنغىچە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمەيدۇ.

— مۇبادا جاڭ ئەپەندى ۋەدىسىدىن يېنىۋالسا، بىز قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

— ماناس دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، مۇز داۋاندىن ئاشىمىز!

— پۈتۈن ئۆلكىمىزنى تولۇق ئازاد قىلمىغۇچە قوراللىق كۈرەشنى توختاتمايمىز!

دېگەندەك شوئارلار پەلەككە ياڭرايدۇ. خەلقنىڭ بۇ خىلدىكى كۈچلۈك غەزىپى ۋە كۈرەش ئىرادىسىدىن چۆچۈپ كەتكەن جاڭ جىجۇڭنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ چاغدا

كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشىدۇ. ئۇلار بۆيەردىن چىقىپ، مېھمانخانىغا تېزرەك بېرىۋېلىشقا ئالدىرىشىدۇ.

— يىغىن يېپىلىپ، ئەخمەت ئەپەندىم جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنى باشلاپ ماڭغاندا خەلق ئاممىسى تېزلىكتە ئۇنى ئورىۋېلىپ:

— ئەپەندىم، بىزگە ئىشىنىڭ! چىڭ تۇرۇڭ.

— دۈشمەن بىلەن ھەرگىز مادارا قىلماڭ.

— ئۇلار ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىسا، كەينىڭىزدە بىز تەييار! — دېيىشىدۇ.

— رەھمەت سىلەرگە، رەھمەت! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم مەمنۇنلۇق ھەم ھاياجان بىلەن.

# ماشىنىدىن كاشىلا چىققان ئۇخشايدۇ دەپتۇق

بىر كۈنى، ئەخمەت ئەپەندىم غۇلجىدىن چۆچەككە كېتىۋېتىپ، تاشيولدا يول ياساۋاتقان ئىشچىلارنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، ماشىنىدىن چۈشۈپ، جىددىي ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار تويىغا قاراپ ماڭىدۇ.

ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆرگەن تاشيول ئىشچىلىرى:

— ئېھتىمال، ماشىنىدىن كاشىلا چىققان ئۇخشايدۇ، — دېيىشىدۇ.

ئۇ ئىشچىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، خۇددى كونا تونۇشلاردەك مۇڭدىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى ماختاپ كېتىدۇ.

ئىشچىلار بۇ ئادەمنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، كەمتەرلىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. خوشلىشىدىغان چاغدىلا، بۇ كىشىنىڭ ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، تۇرغان ئورۇنلىرىدا قېتىپلا قالىدۇ.

# زادى تونۇيالماپتىمەن

بىر قېتىم سەپەر ئۈستىدە ئەخمەت ئەپەندىم ئولتۇرغان پىكاپ بۇزۇلۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، تاڭ ئەمدىلا سۇزۇلغەنىدى. شوپۇر پىكاپنى ياسىغۇچە، ئەخمەت ئەپەندىم غۇۋا كۆرۈنگەن ئۆتەڭگە بېرىپ، تاماق تەييارلىتىپ تۇرماقچى بولۇپ ماڭىدۇ.

ئۇ ئۆتەڭ ئاشخانىسىغا بارغاندا، ئاشپەزلەر تېخى ئورۇنلىرىدىن تۇرمىغانىدى. ئەخمەت ئەپەندى كۆڭلىدە: «قارىغاندا ئاشپەز ئۇستاملار ھېرىپ كېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ ـ دە» دەپ ئويلايدۇ ۋە قازانلارغا سۇ توشقۇزۇپ، ئوچاققا ئوت ياقىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم ئوت قالاۋاتقاندا، ئىچكىرى ئۆيدىن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ چىققان ئاشپەز ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئەھۋالىنى مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە قارىماي، ئۇنى تىللاپ ئاشخانىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئامالسىز ئاشخانىدىن ئايرىلىپ، شۇ ئەتراپتىكى بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، چاي تەييارلىتىپ، ساھىبخانا بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە شوپۇر بىلەن ھېلىقى ئاشپەز ئۇستام كىرىپ

كېلىدۇ. ئاشپەز ئۇستام شوپۇردىن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ
كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دىدار كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن بۇ
ئۆيگە كىرگەندى، ئۇ ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرۈپ قېتىپ
تۇرۇپلا قالىدۇ ۋە مىڭ تەسلىكتە:
— ئەپەندىم، مەن . . . ، مەن سىزنى زادى
تونۇيالماي قاپتىمەن، مېنى ئەپۇ قىلغايسىز،— دەيدۇ.
ئەخمەت ئەپەندىم مۇلايىملىق بىلەن:
— ھېچقىسى يوق، ئۇستام. قانداق، سودىلىرى
ياخشى بولۇۋاتامدۇ؟ — دەپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورايدۇ.

# بىز سىلەرنىڭ ۋەكىلىڭلار

گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىمزالاپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ، چۆچەك ئازاد بولۇش ھارپىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن چۆچەكنىڭ سابىق ۋالىيسى پىڭ رۇڭ قاتارلىق گومىنداڭنىڭ قوشۇنلىرى، ساقچى - ژاندارمىلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە بىر قىسىم ئاما بولۇپ 4000 كىشىنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇلارنى تۆت تۈركۈمگە بۆلۈپ 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگە قەدەر جۇڭگو - سوۋېت باقتى چېگراسى ئارقىلىق بىز تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

شۇ ئەسنادا 4 - تۈركۈمدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ساقچى - ژاندارمىلار چۆچەك شەھىرىدىن ئۆتكەندە غەزىپىنى بېسىۋالالمىغان خەلق ئاممىسى مىللىي ئازادلىق ئارمىيىمىز ۋە ساقچىلىرىمىزنىڭ توسىۋېلىشىغا قارىماي، ئۆز ۋاقتىدا

چۆچەكتىكى يوشۇرۇن تەشكىلات ئەزالىرىنى بېسىقتۇرغان قانخور جاللاتلاردىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، گومىنداڭنىڭ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق 3 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى قاتارلىقلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇنى «ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەشكىللىك ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يۈز بەرگەن 11 ماددىلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتى» دەپ بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن 1946 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆزى بىۋاستە چۆچەك شەھىرىگە بارىدۇ. ئۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋەقەنىڭ ھەقىقەتەن ئاۋام خەلق توپىنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىغۋالىرىغا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ ھەمدە بۇ ۋەقەدە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە جاۋابكارلىقىنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ «خەلق» كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئاممىۋى يىغىندا سۆز قىلىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

— ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، 1945 ـ يىلى، خەلقچىل سىياسەتنىڭ دۇنيا فاشىزمى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشى بىلەن تاماملاندى. شۇنىڭدىن بۇيان بىر قانچىلىغان دۆلەتلەر ئۆز مەملىكىتىدە خەلقچىللىق ئاساسىنى قۇرۇۋالدى. بىزمۇ شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيا خەلقى قوبۇل قىلغان ئاتلانتىك ئەھدىنامىسى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش

چاقىرىقىغا بىنائەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە باردۇق. مەلۇمكى، بىز بىكاردىن قان تۆكۈشنى خالىمايمىز. بىزنىڭ مەقسەت، تىلەكلىرىمىز تىنچلىق بىلەن ھەل بولسا بىز ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە رازى. دېمەك، بىز شۇ سەۋەبتىن سۆھبەت باشلىدۇق. . . بىز سۆھبەت نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن 11 ماددىلىق بىتىم خەلقىنىڭ تەلىپىنى تەمىن ئېتەلەيدۇ. چۈنكى، بىز ئىنقىلاب ئۈچىقى — ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلق بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان تولۇق ئەركىنلىككە چىقىپ، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بولساقمۇ، لېكىن يەتتە ۋىلايەت خەلقى تا بۈگۈنگە قەدەر ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن بۇ بىتىمدە كۆرسىتىلگەن ئەركىنلىكلەر ناھايىتى قىممەتلىكتۇر. شۇڭا، بىز بىتىمدە ئېرىشكەن ھوقۇقلىرىمىزنىڭ قىممىتىگە، كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان يەتتە ۋىلايەت خەلقىنىڭ مەۋقەسىدە تۇرۇپ يېتىشىمىز لازىم.

بىز ھازىرقى ئەركىنلىكنى ئاسان قولغا كەلتۈرمىدۇق. شۇڭا، بىز بۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ھوقۇقلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز لازىم. بىزنىڭ بۇ ھوقۇقلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، داۋاملىق ئالغا بېسىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلار يوق ئەمەس. ئۇلار مىڭ تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ چىرىك سىياسىتىنى قايتا يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز بىتىمنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېششى ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

زالدا گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراپ كېتىدۇ.

— ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆز سىلەرنىڭ ۋىلايىتىڭلارغا

ئائىت بولىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ئەخمەت ئەپەندىم، — خەلقچىل سىياسەت يۈرگۈزۈلمەي تۇرۇپ، ئەبەدىي تىنچلىق تەمىن ئېتىلمەيدۇ. مەسىلەن، يېقىندا ۋىلايىتىڭلار ئارقىلىق سابىق ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرلىرىنى ئېلىپ ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ بەش - ئالتىسى خەلق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. راست، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ خەلقىمىزگە سالغان جەبىر - زۇلۇملىرى ئاز ئەمەس، خەلق شۇنىڭ ئۈچۈن قىساس ئالغان، لېكىن بىز «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» نى مۇۋاپىق ئورۇنغا تەتبىق قىلىشىمىز لازىملىقىنى يادىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم. . . ئۇنداق قىلىش بىلەن مەقسەت تولۇق ھەل بولمايدۇ. . . مەن بۇنى ئايرىم گۇرۇپپا تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان ھەرىكەت دەپ ئاڭلىغاندىم. لېكىن، بۇ ئۇنداق ئەمەسكەن، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن بولغانىكەن، خەلقىمىزنىڭ ئۇلارغا غەزىپى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇ بەش - ئالتە ئىستىبداتچىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىپتۇ. . .

ئەخمەت ئەپەندىم بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ، تەمكىنلىك بىلەن:

— ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنىڭ ھەرقانداق مەقسەت، تىلەكلىرىڭلار بولسا، بىز ۋەكىللىرىڭلار ئارقىلىق ھەل قىلىشىڭلارنى سورايمەن. بىز خەلقنىڭ يەنى سىلەرنىڭ ۋەكىلىڭلار، بىز ھەر بىر ئىشنى سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بويىچە ئىشلەيمىز، ئىنشائاللا، مەن ھەر بىرىڭلارنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلارنى بىز ۋەكىللەر ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ ۋە بىزگە ئىشىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن ۋە شۇنداق قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

زالدا يەنە ئالقىش - چاۋاك سادالىرى ياڭرايدۇ.

# «بىرلا شەخسكە قارشى كۆرەش ئېلىپ بارمايدۇ»

1946 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ:

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 11 ماددىلىق بىتىم بويىچە پۈتۈن شىنجاڭدا دېموكراتىك سايلام ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جايلارغا ئۈن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىگە تۈركىستان (خەنزۇچە ئىسمى تۇيۇزى) دېگەن كىشى باشچىلىقىدا بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئەشەددىي گومىنداڭچىلار بولۇپ، ماناس دەرياسىدىن ئۆچ ۋىلايەت تەۋەسىگە ئۆتۈپلا يول بويى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھەتتا تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈپ، سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىنى ئۆرۈپ، خىيالىغا كەلگەن ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز يولىغا ئۇدۇل كېتىۋەرمەي، ھەتتا چۆچەك شەھىرىگىچە بېرىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار دۆربىلجىن ناھىيىسىدە ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ۋاراقلار بىلەن كىتاب ـ

ژۇرناللارنى ناھىيە بازىرىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغىچە يوشۇرۇن تاشلايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى كۆز قاراشلارنى تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنى ھاقارەتلەيدۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە خەلق ئاممىسى يازلىق كۇلۇبتا ئورۇنلانغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنىڭ تارقىتىلغانلىقىنى كۆردى. ئاما بۇ ئىشنى تۈركىستان قاتارلىقلارنىڭ قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئىستىخىيىلىك ھالدا توپلىشىپ تۈركىستان قاتارلىقلارنىڭ «خەلق» كۇلۇبىنىڭ يېنىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىسىنى ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئەكسىيەتچى تەشۋىق ۋاراقلىرى، كىتاب ـ ژۇرناللارنى تېپىۋالدى. ئاما بۇ نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋاتقاندا تۈركىستان قاتارلىقلار كېلىپ، ئاممىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارشى چىقىپ، ئاسمانغا ئوق ئېتىپ، پوپوزا قىلىدۇ. بۇ چاغدا غەزەپلەنگەن ئاما تۈركىستان، كامالبېك، سوڭ نەنچىڭ (خەنزۇ شوپۇر) ئۈچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، يەنە بىر نەچچەيلەننى ئۇرۇپ يارىدار قىلىپ قويىدۇ.

بۇ ۋەقەنىڭ مەسئۇلىيىتى گەرچە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ ھەقتە داۋاملىق غوۋغا كۆتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ۋەكىللەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سايلام خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا بارغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئۈچ

ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇشىدۇ.
شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىگە خەت يېزىپ: «تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلاردا بولىدۇ. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن بارغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش ناھايىتى يارىماس ئىش. ئەگەر خەلققە ياقمىغان بولسا، ئۇلارنى قايتۇرۇش لازىم ئىدى. يېقىندا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىمىز، ياخشى كۈتۈۋېلىشىڭلارنى تاپشۇرىمەن» دەيدۇ.
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەتراپلىق تەكشۈرگەندىن كېيىن، ۋەقەنىڭ جەريانى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خۇلاسىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلىدۇ.
1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم دۆربىلجىن «خەلق» كۇلۇبىدىكى چوڭ يىغىندا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
— دۆربىلجىن خەلقى ناھىيە ئارقىلىق ئالتايغا كېتىۋاتقان تۈركىستان (تۈيۈزى) نىڭ خەلق مەنپەئىتىگە قارشى يولسىز ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە نەپرەتلىنىدۇ. لېكىن، «غەزەپكە چىدىمىدۇق» دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش توغرا ئەمەس. بىز ئاشۇ ھەرىكىتىمىز بىلەن ۋەكىللىرىمىزنى ھىمايە قىلغان بولامدۇق؟ ياكى بىرەر بۇزۇق ئۇنسۇرنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت يوقىلامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ. ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتنى پەقەت بىرلەشكەن كۈچ

www.uyghurkitap.com

يوقىتالايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى چۈشەنگەن كىشىلەر ھېچ ۋاقىت بىرلا شەخسكە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارمايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنىڭدىن كېيىن بىز مۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. مەن بۈگۈن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن بۇ ھادىسە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم . . .

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىلارلىق ئىدى.

# بۇ كىشى مۇئاۋىن رەئىس

ئەخمەت ئەپەندىم 1946 - يىلى 3 - ئۆكتەبىر چۆچەككە خىزمەت تەكشۈرگىلى بارغاندا شۇيەردىكى خەنزۇ خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئۇلاردىن ئەھۋال سورايدۇ.

— ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسىلەر؟ — ئەخمەت ئەپەندىم بىر خەنزۇ بوۋاينىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سەمىمىي ھالدا سورايدۇ.

— ئەھۋالىمىز ياخشى. خېلى ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ بوۋاي.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى دەرھال سۆز قېتىپ:

— دادا، بۇ كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەت ئەپەندىم بولىدۇ، — دەيدۇ.

«رەئىس» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بوۋاي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىدۇ. ئىچىدە بولسا: ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان كىشىنىڭمۇ بىزدەك ئاددىي ئادەمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئەھۋال سورىشىغا ۋاقتى يېتىپتۇ - ھە؟ بۇ بەك ئوبدان كىشىكەن جۇمۇ! . . . دېگەنلەرنى ئويلايدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— تاغا، بىزنىڭ ئۆلكىمىز كۆپ مىللەتلىك ئۆلكە. مىللەتلەرنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقى ھەممىنى يېڭىدۇ. مىللەتلەرنىڭ بىرلەشكەن كۈچىگە قارشى چىققان كۈچ يېڭىلىدۇ. بىزنىڭ يولىمىز ھەق. بۇ توغرا يول شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە خەلقچىل سىياسەت ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سىياستىمىز پۈتۈن ئۆلكە بويىچە غەلىبە قازىنىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، شۇنداقلا خەنزۇ قولۇم - قوشنىلىرى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇلارغا كەمتەرلىك بىلەن:

— نېمە قىيىنچىلىقلار بار؟ قانداق قىيىنچىلىقىڭلار بولسا، تارتىنماي ئېيتىڭلار. بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ھەل قىلىپ بېرىمىز! — دەيدۇ.

ئۇلار بەزى قىيىنچىلىقلىرىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئاساسەن ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە بالىلىرىنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەر ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى كىچىككىنە خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالىدۇ. ئاندىن:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ قىيىنچىلىقلار چوقۇم ھەل قىلىنىدۇ، خۇش خەۋەر كۈتۈڭلار، — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم شۇ تەرىقىدە باشقا خەنزۇ ئائىلىلەرنىمۇ زىيارەت قىلىدۇ. ئەھۋال ئۇقىدۇ، قىيىنچىلىقلىرىنى ئىگىلەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ۋالىي مەھكىمىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، شۇ كېچىدىلا ۋىلايەتلىك ۋالىي

مەھكىمىسىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىيسى قاسىماخۇن ئىسمايىلوف قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى يىغىپ مەجلىس ئاچىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى خەنزۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئاخىرىدا مۇنداق قارار ماقۇللىنىدۇ:

1. ئەمگەك ئىقتىدارىدىن ئايرىلمىغان خەنزۇلارنى پائال چارە قوللىنىپ، دەرھال ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش.

2. خەلق ئىشلار بۆلۈمى ئارقىلىق ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى قىيىنچىلىقى بار، ئەمگەك كۈچى ئاز خەنزۇ ئائىلىلىرىگە ۋىلايەتلىك مالىيىدىن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىش.

3. قىيىنچىلىقى بار خەنزۇ ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەردە ھەقسىز ئوقۇتۇشنى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە ھاۋالە قىلىش.

ئەخمەت ئەپەندىم يەنە تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى خەنزۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە، يۇقىرىدىن پۇل ئاجرىتىش ئۈچۈن تەستىق خەت يېزىپ بېرىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بۇيەردىكى خەنزۇلار خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كېتىشىدۇ ۋە ئەخمەت ئەپەندىمگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مائارىپنىڭ غەمخورچىسى

ئەخمەت ئەپەندىم ھەر قېتىم چۆچەككە كەلگىنىدە ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سىنىپلارغا كىرىپ دەرس ئاڭلايدۇ. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاش توغرىسىدا كونكرېت يوليورۇقلارنى بېرىدۇ. ئۇ 1946 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەن چۆچەككە كېلىپلا دەم ئالماي ئابدىرا يېزىسىغا بېرىپ شىۋە - داغۇر مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەكتەپنىڭ خىزمىتى توغرۇلۇق كونكرېت يوليورۇق بېرىدۇ. شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «مەھمۇدىيە» نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا بىرمۇ - بىر جاۋاب بېرىدۇ. 1948 - يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېچىدە چۆچەككە يېتىپ كېلىپ، ئەتىسى، يەنى 17 - كۈنى شەھەردىكى گىمنازىيە مەكتىپىنى، قازاق ئوغۇللار مەكتىپىنى، قازاق قىزلار مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. سىنىپلاردا دەرس ئاڭلايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەت

ئۆتكۈزىدۇ. مەكتەپنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم باغۋەن — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىنى يۇقىرى باھالاپ، كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئىدېئولوگ، پەيلاسوپ، ئىنژېنېر، دوختۇر، ئاگرانوم، يازغۇچى، ئالىم، قوماندانلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى! — دەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىلى يورۇپ، كۆڭلى ئېچىلىپ كېتىدۇ.

— بىزنىڭ مائارىپ يۆنىلىشىمىز خەلققە قارىتىلىشى لازىم، — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم. ئۇ يەنە:

— بىز ھەر مىللەت خەلق پەرزەنتلىرىنى بىلىملىك، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلەپ، ۋەتەنگە، خەلققە ياراملىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك، — دېگەننى تەكىتلەيدۇ.

— بىز سىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدىنى چوقۇم ئاقلايمىز، — دەيدۇ ئوقۇتقۇچىلار خۇشاللىقىدىن.

— رەھمەت سىلەرگە! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خەلقنىڭ سىردىشى

ئەخمەت ئەپەندىم خەلقنىڭ چىن دوستى ۋە يېقىن سىردىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھېچ ۋاقىت ئالاھىدە رەھبەر سانىۋالمايتتى، بەلكى ئۆزىنى دائىم خەلقنىڭ ۋەكىلى، دەپ تونۇيتتى. 1946 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۆچەكتىكى «خەلق» كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش يىغىنىدا ئۇ مۇنداق دېگەنىدى:

— بىز خەلقنىڭ يەنى سىلەرنىڭ ۋەكىللىرىڭلار، بىز ھەر بىر ئىشنى سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بويىچە قىلىمىز. «ئىنشائاللا، مەن خەلقىمىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىز ۋەكىللەر ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ ھەمدە بىزگە ئىشىنىدۇ، دەپ بىلىمەن»، «بىز خەلق بىلەن ھەر دائىم بىللە، بىز ھەر بىر ئىشىمىزدا قەھرىمان خەلقىمىزگە ئىشىنىمىز، ياشىسۇن قەھرىمان خەلقىمىز، ياشىسۇن بىرلىك ئىتتىپاقىمىز! ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئۆلكىمىزدىن ئەبەدىي يوق بولسۇن!»

ئەخمەت ئەپەندىم 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچتە چۆچەك شەھىرىدىكى ئۆلىمالار بىلەن يۇرت ئاقساقاللىرىغا ئۆز نامىدىن زىياپەت بېرىدۇ. ئۇ زىياپەتتە

سۆزلىگەن سۆزىدە:

— بىزنىڭ يېڭى ھۆكۈمىتىمىز ئۆز ھۆكۈمىتىمىز، بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز خەلق؛ خەلقىمىز ھۆكۈمەت؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق، بىز شەخسنى ھۆكۈمەت دەپ تونۇمايمىز، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى، ھۆكۈمەت ھەر بىر ئىشتا خەلقنىڭ پىكىرلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. بىزدە ھۆكۈمەت ھەممە مىللەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى، — دېگەنىدى.

ئۇ ھەر قېتىم تۆۋەنگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال - ئەھۋال سوراشنى ئەستىن چىقارمايتتى. ئۇ ئامما بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، پىكىر ئېلىش يىغىنلىرىنى ئېچىپ تۇراتتى. مەسىلەن، 1948 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۆچەك خەلق ئاممىسى بىلەن، 23 - كۈنى دۆربىلجىن خەلق ئاممىسى بىلەن، 25 - كۈنى شىخۇ خەلق ئاممىسى بىلەن، 26 - كۈنى ساۋەن خەلق ئاممىسى بىلەن شۇ خىلدىكى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەنىدى. يىغىندىن كېيىن چۈشكەن پىكىرلەرنى يىغىنچاقلاپ، شۇ ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

شۇڭا، خەلق خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا:

— ئەخمەت ئەپەندىم خەلقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە چەكسىز ئىشىنىدۇ، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، دەردىگە دەرمان بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ يېقىن سىردىشىمىز! — دېيىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەممە ئادەم بابباراۋەر بولۇشى كېرەك

ئەخمەت ئەپەندىم 1946 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن نەنجىڭگە گومىنداڭ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغانىدى. شۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتتە بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا ھەممە شەھەرلەردە رىكشىچىلارنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ رىكشىچىلار ئادەم توشۇپ پۇل تېپىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. شۇڭا، ئۇلار كۆزلىرىگە سەل ھاللىقراق كۆرۈنگەن ئادەملەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى رىكشىلىرىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشاتتى.

بىر كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم بىر مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا بىر رىكشىچى ئالمان ـ تالمان رىكشىسىنى سۆرىگەن پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئەپەندىم، رىكشىغا چىقىڭ! نەگە دېسىڭىز شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويىمەن! — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «بۇ نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش ـ ھە؟! ھەممىمىز ئوخشاشلا ئىنسان تۇرۇقلۇق، بۇ ئادەم ئات ـ

ئېشەك ئورنىدا ئادەم تارتسا بولامدۇ؟ ئۇلارنى مۇشۇنداق قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟... بۇ زۇلۇم، ئېزىلىشنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋىتى ئەمەسمۇ؟!...» دېگەنلەرنى ئويلايدۇ ـ دە، رىكشىچىغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن:

— مەن سىلەردەك يوقسۇللارنى رىكشىغا ئات ـ ئېشەك ئورنىدا بەند قىلىپ قويغان مۇنداق رىكشىغا ئولتۇرۇشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن! سىزنىڭ مېنى قەدىرلەپ يېنىمغا كەلگىنىڭىزگە رەھمەت! — دەيدۇ.

رىكشىچى ئۆمرىدە مۇنداق گەپنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغاندى. شۇڭا، ئۇ دەماللىققا بۇ گەپنىڭ تەكتىگە يېتەلمەيدۇ. بىر ئازدىن كېيىن مېڭىسى سەل سەگەكلەشكەندەك بولۇپ، «توغرا بىز ئىنسان تۇرۇپ، ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ئىشلەۋاتىمىز!...» دېگەنلەرنى ئويلايدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇنىڭغا:

— بۇ پۇلنى ئېلىڭ! لېكىن مەن رىكشىڭىزدا ئولتۇرمايمەن، — دەيدۇ.

— نېمىشقا؟ — رىكشىچى شۇ تاپتا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي، كۆڭلىدە: «نەدىمۇ ئولتۇرمىغان رىكشىغا پۇل تۆلەيدىغان ئىش بار؟ بۇ بىر قىزىق ئىشقۇ؟...» دېگەننى ئويلايدۇ.

— چۈنكى سىز مېنى رىكشىغا ئولتۇرۇڭ، دەپ يېنىمغا كەلدىڭىز ئەمەسمۇ؟ — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم.

رىكشىچى يەنە ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ ئادەم رىكشامدا ئولتۇرمىسا، ماڭا نېمىشقا پۇل تەڭلەيدۇ؟ مېنى زاڭلىق

قىلىشۋاتامدۇيا؟ بىكاردىن - بىكارغا خەقنىڭ پۇلىنى ئالالمايمەن - دە، يا بۇ ئادەمنىڭ پۇلى شۇنداق جىقمىدۇ؟ ياكى بۇ ئادەم يوقسۇللارغا كۆيۈنىدىغان ئادەممىدۇ. . . » دىگىنىچە بېشىغا شىلەپە، ئۈچىسىغا كاستۇم - بورۇلكا كىيىپ، بوينىغا يارىشىملىق گالستۇك تاقىۋالغان قىرقىم بورۇتلۇق بۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپلا قالىدۇ.

— ئېلىڭ، تارتىنماي ئېلىڭ!

رىكشىچى ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ ئاندىن: «مەيلى، ئۆزى بەرگەندىكىن ئالسامۇ ئالاي» دەپ ئويلاپ ئەخمەت ئەپەندىم ئۇزاتقان پۇلنى تارتىنىپراق ئېلىپ، قايتا - قايتا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەرگىلى تۇرىدۇ.

— ھەي، ئۇنداق قىلماڭ، مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن.

— ياق، ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، ھەرگىز خىجىل بولماڭ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئويغا پېتىپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن رىكشىچىدىن سورىيدۇ:

— رىكشىڭىزنى مەن سۆرەپ باقسام بولامدۇ؟

«بۇ ئادەمنىڭ نېمە دېگىنىدۇ بۇ؟» رىكشىچى بۇ ھەقتە ئويلاپ، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولغۇچە، ئەخمەت ئەپەندىم چاققانلىق بىلەن رىكشىنى قولىغا ئېلىپ بولىدۇ ھەمدە تېخى رىكشىچىنىمۇ رىكشىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۈلگۈرىدۇ. لېكىن رىكشىچى:

— ھوي، مۇنداق قىلسام سەت بولىدۇ! — دەپ رىكشىغا چىققىلى ئۇنىمايدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:
— ھېچ ۋەقەسى يوق، سىز ئەتىدىن كەچ كىرگۈچە باشقىلارنى رىكشىڭىزغا ئولتۇرغۇزۇپ سۆرىسىڭىز بولىدىكەنۇ، ئەمدى باشقىلار سىزنى رىكشىڭىزغا سېلىپ ئاز ـ تولا سۆرەپ قويسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئېيتىڭا، بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار؟
رىكشىچى نېمدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، بىر ھازاغىچە شۈك بولۇپ قالىدۇ.
— مېنىڭچە،— دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم تەمكىن ۋە كەسكىنلىك بىلەن،— ئادەملەرنىڭ ھەممىسى باباراۋەر بولۇشى كېرەك، ئۇلارنى ئېگىز ـ پەس، يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىپ مۇئامىلە قىلساق بولمايدۇ. بىز ھازىر ھەممە ئادەم بابباراۋەر، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدىغان گۈزەل بىر جەمئىيەتنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. . . ئۇقتىڭىزمۇ؟ . . . — دەيدۇ.
— ئۇقتۇم!
— ئەمىسە رىكشىغا چىقىڭ!
رىكشىچى ناھايىتى خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئاستا رىكشىغا چىقىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم ئۇنى سۆرەيدۇ.
رىكشىچى: «بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ ئۆمرۈمدە مۇنداق ئېسىل سۈپەتلىك ئادەمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، بۇ قانداق ئادەمدۇ؟ توۋا، توۋا. . . » دېگەنلەرنى ئويلاپ، چەكسىز ھەيرانلىق ھەم سۆيۈنۈش ھېس قىلىدۇ.

# مەسلىھەت بىلەن ئىش كۆرۈڭلار

شاڭخەي شەھىرى.

بىر كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ھەمراھلىرى بىلەن ياخې كوچىسىدىكى بىر ياۋروپاچە رېستورانغا تاماق يېگىلى باردۇ. ئەخمەت ئەپەندى ھەمراھلىرى بىلەن ئەمدى تاماق شىرەسىگە كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، سەل نېرىراقتا بىر ئەر بىلەن بىر خانىم سوقۇشۇپ قالىدۇ. ئەر پىئانىنوچى، خانىم بولسا باليت ئۇسسۇلچىسى ئىدى. قارىغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، قارشى تەرەپكە يول قويمايۋاتاتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇلار بۇ ئادەمگە دەسلىپىدە ئانچە پىسەنت قىلىپمۇ كەتمەيدۇ.

— زادى نېمە ئىش؟ نېمە بولدۇڭلار؟ — بۇ قېتىم ئەخمەت ئەپەندىم ئاۋازىنى سەل قويۇۋېتىدۇ.

— قاراڭ! — دەيدۇ پىئانىنوچى چېچىلىپ، — مەن ئەتىگەندىن بېرى پىئانىنو چېلىپ بەردىم. ئەمدى ھەققىمنى بېرىۋېتىڭ دېسەم، بەرمەيۋاتىدۇ. قارىڭا، بۇ نېمىدېگەن يولسىزلىق، مەن ئۇنىڭغا بىكاردىن - بىكارغا پىئانىنو چېلىپ بېرەمدىمەن؟ — ئۇ سۆزلىگەنسېرى

# ئەخمەت ئەپەندىم تۇرپاندا

1947 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى بولسا كېرەك. شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرى ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگىنى بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتىردىن كۆپرەك تۆۋەن بولغان بۇ زېمىن ئاللىبۇرۇن باھار قوينىغا كىرگەندى. ئەتىيازنىڭ باھار شامىلى يېنىك سوقۇۋاتاتتى. ھاۋا خېلى ئىسسىپ قالغانىدى.

دانا رەھبەر — ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ماڭغان ئىزىدىن گۈل ئۈنىدىغان مۇبارەك قەدىمى بۇگۈن ئوت يۈرتى — تۇرپانغا يەتكەنىدى.

ئەخمەت ئەپەندىم قارشى ئالغىلى چىققان تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىق كىشىلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ ئىللىق چىراي بىلەن قاراپ:

— بىز ئىلىلىقلار تۇرپاننى زىيارەت قىلغىلى، «ئەسھابۇلكەف» نى تاۋاپ قىلغىلى كەلدۇق! — دەيدۇ.

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز.

ئەخمەت ئەپەندىم بۇيەرگە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەنىدى. رەھىمجان سابىر ھاجىيوف، تىيىپ ھاجى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالى ئاباكوف، نۇرىدىنبەك قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان تۇرپانلىقلار ئۇ كىشىنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا تەرەپ – تەرەپتىن سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلايدۇ. ئەر – ئايال، قېرى – ياش بويەرگە شۇنداق كۆپ يىغىلىپ كېتىدۇكى، تۇرپان بازار ئىچى بەئەينى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىقلار ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ئۆگزىسىدە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئاممىغا ئېگىلىپ سالام بېرىدۇ. ئاندىن يېقىملىق، جاراڭلىق ئاۋازدا نۇتۇق سۆزلەيدۇ:

— مەن ئەخمەتجان قاسىمى بولىمەن، مەن سىلەرنىڭ رۇخسىتىڭلارسىز 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە قول قويغان خەلق ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئامما قىزغىن چاۋاك چېلىپ، ئالقىش ياڭرىتىدۇ.

— شىنجاڭ خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەكسىلئىنقىلابى چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ تۈگىمەس – پۈتمەس زۇلمىغا ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە، چىدىغۇسىز بالايىئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر بولماي پارتلاپ چىقتى. چۈنكى، پىچاق گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئىستىبداتلىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلدى، تۇرپان خەلقىمۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە ئوخشاشلا زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ كەلدى. دېمەك، تۇرپان قەدىمدىن بۇيان ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتلەرنىڭ دەھشەتلىك

ئېزىشكە ۋە باستۇرۇشقا ئۇچرىغان جاي. تارىختىن بۇيان بۇ جاي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ ماكانى بولۇپ كەلدى. . . بىز بارلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، تىنچلىقنى قوغداپ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم. دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى — بىزنىڭ دوستىمىز، بۇگۈنكى خائىن، ئەتە خەلق ئالدىدا رەسۋا بولماي قالمايدۇ. بىز خەنزۇلارغا قارشى ئەمەسمىز. بىز مۇستەبىتلەرگە، خەلققە زۇلۇم سالغۇچى ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشىمىز. بىز تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن
تەشكىللەنگەن يېڭى ھاكىمىيەتنى ھىمايە قىلىمىز. 11
بىتىمنىڭ ھەقىقىي ئىجراسى ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئالدىمىزدىكى پوتەيلەرنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى بار؟ خەلق ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىدۇ، ھۆكۈمەت خەلقنى ئاسرىشى كېرەك. ئەگەر خەلق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىسا، بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ. بىز ئەزەلدىن سەۋرچان خەلق، بىز تىنچلىقنى، ئادالەتپەرۋەرلىكنى سۆيگۈچى خەلق، تورپان خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي جاسارىتىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. سىلەرنىڭ مۇشۇ ئىنقىلابىي جاسارىتىڭلارغا مىڭ رەھمەت. سىلەرنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقىڭلارغا مىڭ رەھمەت. سىلەرنىڭ باتۇر، جەسۇرانە روھىڭلارغا مىڭ رەھمەت، سىلەرنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ھىممىتىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ غەيرەت - شىجائەت بىلەن تىنچلىقنى ھىمايە قىلىدىغان ئارزۇيۇڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ ئازاد، ئەركىن ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن چېلىشىۋاتقان قورقماس

روھىڭلارغا مىڭ رەھمەت! سىلەرنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن دوستانە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلاشقانلىقىڭلارغا مىڭ رەھمەت، ياشىسۇن خەلق!...

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ يۈرەكنى ئۇرغۇتىدىغان ئارامبەخش سۆزلىرى خەلققە زور ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ. يىغىن ئاياغلىشىدۇ، ئەخمەت ئەپەندىم بۇيەردىن مېڭىشقا تەمشىلىپ، ئەمدى پىكاپ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشىغا خەلق ئۇنىڭ توسىشىغا ئۇنىماي، ئەخمەت ئەپەندىم چۈشكەن پىكاپنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ.

«ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى!» دېگەن شوئارلار، ئالقىش سادالىرى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ.

* * *　　* *.*　　* * *

ئەخمەت ئەپەندىمنى قارشى ئېلىشقا چىققانلار ئىچىدە گومىنداڭنىڭ تۈرپاندىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى تەن رېمى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم تەن رېمىدىن:

— مېنىڭدىن سورايدىغان سوئالىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

تەن رېمى دۇدۇقلىغان ھالدا:

— سورايدىغان سوئالىم يوق، شۇنىسى خەلق بىزنى يامان كۆرىدۇ، — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم بۇ چاغدا ئۇنىڭغا تەمكىنلىك بىلەن:

— سىلەر خەلققە زۇلۇم قىلمىساڭلار، خەلق سىلەرنى يامان كۆرەمدۇ؟ — ھەممە ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

خەلقنىڭ يەيدىغانغا نېنى، ئىچىدىغانغا سۇيى يوق، مەن خەلققە بىر پۇڭ بەرمىدىم، بىر چىنە سۇمۇ بەرمىدىم، لېكىن مەن خەلققە نان بېرىمەن دېگەن بايراقنى كۆتۈردۈم. شۇڭا، خەلق مېنى ھىمايە قىلىدۇ. سىز خەلقنى قورال كۈچى بىلەن باسالمايسىز، — دەيدۇ.

تەن رېمىنىڭ زۇۋانى شۇئان تۇتۇلىدۇ.

* * * * * * * * *

بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا چەكمەن چاپان كىيگەن قىسقا، قىرقىم بۇرۇتلۇق ئادەم ئات ئۇستىدىكى ئېگەردە ئۆرە تۇرۇپ، بىر قولىدا ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتقان ھالدا خەلق ئاممىسىغا قاراپ نۇتۇق سۆزلەۋاتىدۇ، بۇ كىمدۇ؟...

بۇ كىشى ئۇچ ۋىلايەتنىڭ دانا يولباشچىسى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەت ئەپەندىمدۇر. ئۇ بايىلا تۇرپان شەھىرىدىن ئاستانە يېزىسىغا كەلگەنىدى.

ئۇ ئاممىغا نۇتۇق سۆزلەيدۇ:

— مەن ئەخمەتجان قاسىمى بولىمەن. سىلەردىن بىسوراق 11 بىتىمگە قول قويغان ۋەكىللىرىنىڭ بىرىمەن. مېنىڭ ھەرىكىتىم، دىلىم، مەقسىتىم سىلەر بىلەن بىر، نىشانىمىز ئورتاق، شۇنىڭ ئۇچۇن ھەممىڭلارنىڭ بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ، 11 بىتىمنىڭ ئىجراسى ئۇچۇن تىرىشىشىڭلارنى، تىنچلىقنى قوغداپ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ھوشيار بولۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

چەكسىز ھاياجانغا چۆمگەن خەلق: «ياشىسۇن ئەخمەت ئەپەندىم»، «ياشىسۇن ئەركىنلىك» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى ياڭرىتىپ، مەيداننى خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمدۈرۈۋېتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق رەھبەرلەر ئاممىۋى سورۇندىن ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ئاستانىدىكى ئۆيىگە كېلىدۇ. بۇيەردىكى ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۇيۇق غوجامغا بارىدۇ، يەنى «ئەسھابۇلكەف» نى زىيارەت قىلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىملەر پىچان ناھىيىسىگە بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ئۈرۈمچىدىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوفتىن ئەخمەت ئەپەندىمگە تېزرەك قايتىپ كېلىش توغرۇلۇق تېلېفون كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت ئەپەندىملەر ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ.

## «25 ـ فېۋرال»

بۇ كۈنى ئەتىگەندىلا پۇقراچە كىيىندۇرۇلگەن ئون نەچچە مىڭدەك گومىنداڭ ئەسكىرى نامايىش قىلدۇق، دېگەن نام بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا بېسىپ كىرىدۇ.

بۇ كۈن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلىدىغان كۈن ئىدى. ئەخمەت ئەپەندىم، رەھىمجان سابىر ھاجىلار تېخى كېلىپ بولالمىغانىدى. «نامايىشچىلار» تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. بۇرھان شەھىدى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار «نامايىشچىلار»نىڭ ئالدىغا چىقىپ، نەسىھەت قىلىپ، چۈشەنچە بېرىپ باقىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

— ئافۇجۇشىغا تېزرەك تېلېفون بېرىڭ، ئۇ بۇيەرگە تېز كەلسۇن، — پۇقراچە ياسانغان ھەربىيلەر ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى قىستىغىلى تۇرىدۇ.

— بۇلارنىڭ پەيلى بەك يامان، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇيەرگە كېلىشتىن ساقلىنىڭ! — ئابدۇكېرىم ئابباسوف تېلېفوندا ئەخمەت ئەپەندىمگە شۇنداق دەيدۇ.

— ياق، بارمىسام بولمايدۇ، بىز خەلق ئازادلىقى

يولىدا جېنىمىزنى ئالىقىنىمىزغا ئېلىپ قويغانمىز، — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم جاۋابەن.

شۇنىڭدىن كېيىن «ئەرنىڭ غېمى ئەلدە» دېگەندەك ھايال قالمايلا شىريۇرەك ئەخمەت ئەپەندىم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ قورۇدىكى چۇقان - سۈرەن تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. لېكىن، ئەخمەت ئەپەندىم ھېچكىمگە پەرۋا قىلماي ئىشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. «نامايىشچىلار» ئىشىك - دېرىزىلەرنى چېقىپ، ئىشخانىغا كىرىشكە ئۇرۇنىدۇ.

— نوچى بولسا ئۇلار كىرىپ بىزنى ئۆلتۈرسۇن، بىز ھېچنېمىدىن قورقمايمىز، — ئەخمەت ئەپەندىم شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇۋېرىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مۇنداق قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ، «نامايىش» نى ئويۇشتۇرغۇچىلار بىردىنلا ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

— سىز چىقىپ، «نامايىشچىلار» نى قايتۇرۇۋېتىڭ! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا «نامايىشچىلار» نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قوماندانى گېنېرال داڭ بېگاڭغا. لېكىن، ھىيلىگەر داڭ بېگاڭ «نامايىشچىلار» نىڭ ئالدىغا چىقىپ قويۇپلا، ھايال قالماي قايتىپ كىرىپ:

— نامايىشچىلار تارقىلىشقا ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دەپ شۇملۇق قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ھىيلىگەر داڭ بېگاڭغا كەسكىن قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئىككى يول بار. قايسى يولنى

تالىلىشۋېلىش ئۆزىمىزنىڭ ئىختىياردا. بىرى، ئەسكەرلىرىمىزگە «ئارقىغا بۇرۇل، قەدەملەپ مارش!» دەپ كوماندا بېرىسىز، ئۇلار چىقىپ كېتىشىدۇ. ئاندىن بىزمۇ چىقىپ جەنۇبىي قوۋۇق سىرتىدىكى خەلقنى تارقىتىۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق قوغداپ قېلىنىدۇ. بىز 11 ماددىلىق بىتىم روھى بويىچە ئىش قىلىمىز. يەنە بىرى ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، ئەسكەرلىرىمىزنى باستۇرۇپ كىرگۈزىسىز، ئۇلار كىرىپ بىزنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن ئۇرۇمچىدە، ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاۋېلىڭ. . .

سوۋېتقەستىنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى سەزگەن داڭ بىگاڭنىڭ بىردىنلا روھى چۈشۈپ، قورقىنىدىن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كېتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم داڭ بىگاڭغا كەسكىن قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— بىز ئۆلۈمدىن زادى قورقمايمىز. بىز جېنىمىزنى ئالىقىنىمىزغا ئېلىپ قويغانمىز. ناۋادا ھازىر ھايات قالساق خەلققە پايدا، چۈنكى بىز بىتىم بويىچە خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى تەمىن ئېتىمىز. ناۋادا ئۆلسەك ئۇنىڭدىن ئارتۇق پايدا، چۈنكى خەلق بۇ مۇناسىۋەت بىلەن غەزەپتىن قوزغىلىپ، بۇ قېتىمقى تىنچلىق بىتىمى بىرەلمىگەن تولۇق ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ قېنىمىز سىلەرگە مەغلۇبىيەت، خەلققە ئازادلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك، شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىنىڭ بۇ كۈچلۈك، ھەققانىي سۆزلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە، ئۇنتۇلغۇسىز ئەلەم ئېلىپ كېلىدۇ.

نەتىجىدە «نامايىشچىلار» ئاخىر رەسۋاچىلىق ئىچىدە تارقىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بويەردىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كېتىدىغان ۋاقتى - سائىتى يېتىپ كېلىدۇ.

باش كاتىپ ليۇمىڭچۈەن مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى دەرھال يېتىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدى. لېكىن، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم بۇ ۋاقىتنى سۆغا چۈشكەن ئىتنى دۇمبالاشنىڭ ئوبدان بىر پەيتى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

— بۈگۈن بۇ «ئويۇن»نى ئويۇشتۇرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى بۇرۇنراق ئويلىماپتۇ. قىزىق بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشتى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ پادىشاھ شىكارغا چىقىپ قايتىپ كېلىۋاتسا، يول ئۈستىدە بىر بابكار خۇددى رەخت توقۇۋاتقاندەك بىر كۆرۈنۈشتە بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان پادىشاھ:

— ھوي، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ ھېلىقى بابكار پادىشاھقا قاراپ، — مەن ئېسىل رەخت توقۇۋاتىمەن. بۇ

رەختنى پەقەت ئەقلى بار ئادەملەرلا كۆرەلەيدۇ، ئەقىلسىز كىشىلەر كۆرەلمەيدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ شۇنچە دىققەت بىلەن قارىسىمۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەپتۇ. لېكىن، ئۆزىنىڭ ئەقىلسىز سانىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن پادىشاھ:

— مەن كۆردۈم، ماڭا مۇشۇ رەختتىن بىر قۇر كىيىم تىكتۇرۇپ بەر،— دەپتۇ.

بابكار ماقۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئۇستۇۋېشىدىكى كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، ھېلىقى «ئەقىلسىز كىشىلەر كۆرەلمەيدىغان» كىيىمنى كىيىپ رەستىگە چىقىپتۇ.

پادىشاھنىڭ رەستىدە قىپيالىڭاچ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قېلىشىپ، تۇرغان ئورنىدا داڭقېتىپ قاپتۇ. ئۇششاق بالىلار بولسا پادىشاھنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ:

— يالىڭاچ پادىشاھ، يالىڭاچ پادىشاھ! — دەپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ. پادىشاھ:

— مېنىڭ كىيگەن كىيىملىرىم ئەقىلسىزلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ! — دەپ كېتىۋېرىپ، ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ...

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھېكايىنى داڭ بىگاڭ قاتارلىق گومىنداڭچىلارغا تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەقىلسىز ھاڭۋاقتى بىر نېمىلەر ھېكايىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىسە كېرەك، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇۋېلا قېلىشىدۇ.

— يەنە بىر ھېكايىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق، — ئەخمەت ئەپەندىم ئىككىنچى ھېكايىسىنى باشلايدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بىر گېنېرال ئۆزىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئوفىتسېرلىرىنى ئۆيگە چايغا ئېيتىپ، ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان تاماقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن بىر گرانات ئورنىتىپتۇ، گرانات پاختا بىلەن ئورالغانىكەن. ئوفىتسېرلەر ئۇستەلگە تاماقتا ئولتۇرۇپ، ئارىدىن بىرسى ئارا - قوشۇقنى تاماقتا سانجىغانىكەن: ھېلىقى گراناتقا سانجىلىپ كېتىپ، گرانات بىردىنلا پارتلاپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكىنىدىن ئوفىتسېرلەردىن بەزىلىرى ئۇستەل ئاستىغا، بەزىلىرى تاشقىرىغا، بەزىلىرى ئىشكاپ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. ئارىدىن يالغۇز بىر ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ...

بىر چاغدىن كېيىن گېنېرال ئوفىتسېرلىرىنى يىغىۋېلىپ:

— مەن بۈگۈن سىلەرنى سىنىماقچىدىم. لېكىن، غەيرەتىڭلار ياخشى بولمىدى، — دەپتۇ ئاندىن ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرغان ھېلىقى ئوفىتسېرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— غەيرەتلىك كىشى مانا مۇشۇنداق بولسا بولىدۇ. مەن بۇ ئوفىتسېرنى خالىغىنىچە مۇكاپاتلايمەن، ئەمدى سىزگە نېمە كېرەك؟ ئېيتىڭ! دېگىنىڭىزنى بېرىمەن! — دەپتۇ.

ھېلىقى ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي، ئولتۇرغىنىچە چاس بېرىپ:

— مۆھتەرەم گېنېرال، مەن ئۈچۈن ھازىر ئەڭ قىممەتلىك نەرسە شۇكى، ماڭا بىر تامبال بەرسىڭىز، مەن

ئىشتىنىمنى يەڭگۈشلىۋالسام! — دەپتۇ.
ئەسلىدە ھەممىدىن بەك قورقۇپ كەتكىنى شۇ ئوفىتسېر بولۇپ، ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكەنلىكتىن، ئامالسىز قېلىپ، مىدىر - سىدىر قىلالماي ئولتۇرۇپ قالغانىكەن.
ئەخمەت ئەپەندىم ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:
— بۈگۈنكى «ئويۇن» دەل مۇشۇ ئىككى ھېكايىدىكىدەك بولدى، — دەيدۇ قەتئىي ۋە كەسكىنلىك بىلەن.
گومىنداڭچىلار قارا تەرگە چۆمىدۇ.
خەلق ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، دەپ تەمشىلىپ تۇرغان بىر پەيتتە تاقالغىنىغا ئۇزاق بولغان قوۋۇق دەرۋازىسى ئاخىر ئېچىۋېتىلىدۇ. بۇ سائەت بەشتىن ئون مىنۇت ئۆتكەن چاغ ئىدى.
«ئەخمەت ئەپەندىم چىقتى!» دېگەن سادا خۇددى يەر - جاھاننى تىترىتىۋەتكەندەك قىلىدۇ. غەلىبە تەنتەنىلىرى ئىچىدە خەلقنىڭ «ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى»، «ياشىسۇن ھۆرلۈك، ئەركىنلىك!» دېگەن شوئارلىرى ئاسمان - پەلەك ياڭراپ كېتىدۇ.
ئەخمەت ئەپەندىم ئولتۇرغان پىكاپ، ئۆركەشلەپ تۇرغان خەلق توپى ئارىسىدىن ئاستا ئىلگىرىلەپ كېلىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم پىكاپ ئەينىكىدىن قولىنى چىقىرىپ خەلققە ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرىدۇ.
بىردەمدىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم ئولتۇرغان پىكاپ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چىپپىدە توختايدۇ. كەينىدىن كېلىۋاتقان

پىكاپلارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىپ كېلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم باھاردەك ئىللىق چىراي ھەمدە قەيسەر قىياپەت بىلەن پىكاپتىن چۈشىدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەرگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئاندىن بىر خىل چاقىقانلىق بىلەن پىكاپ ئۈستىگە چىقىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئىككى سەپدىشى — رەھىمجان سابىر ھاجىيوف بىلەن ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا، پىكاپنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرىدۇ.

— مۆھتەرەم قېرىنداشلار! — بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن قوزغالغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن جان بېرىمىز، بىز ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە ئەركىن ھاياتى ئۈچۈن قېنىمىزنى ئايىمىغان، ئەمدى ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە ئەركىن ھاياتىنى ساقلاش ۋە ئۈستۈرۈش ئۈچۈن جېنىمىزنى ئايىمايمىز! . . .

خەلق ئىنتاسلىق ئىچىدە ئۆز رەھبىرىنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ.

— بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق بولغىنى ئۈچۈن بىزنىڭ يولىمىز ئاق، ئىستىقبالىمىز پارلاق! . . .

«ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى!» دېگەن شوئارلار پەلەكنى قاپلاپ قىزغىن تەنتەنە ۋە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئەخمەت ئەپەندىم ئولتۇرغان پىكاپ جەنۇبىي گۈلباغقا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

## سۇيىقەست

1947 ـ يىلى مارت ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى، يەنى بۇ مەركىزىي شەھەر — ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «25 ـ فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» نىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە بىر ھەپتىمۇ بولمىغان بىر كۈنىنىڭ تۈن كېچە مەزگىلى ئىدى.

ئەتراپ شۇنچە سۈرلۈك ۋە قاپقاراڭغۇ ئىدىكى، ئۈچ ـ تۆت مېتىر نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كېچىنىڭ جىمجىت ۋە سۈرلۈكلۈكىدە ئادەمنىڭ تېنى جۇغۇلدايتتى.

بۇيەردە تۇيۇقسىز ئۈچ «كۆلەڭگە» پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورققاندەك، تامغا چاپلىشىپ دېگۈدەك باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئەتراپقا ئەنسىرىگەندەك قاراپ قويۇشىدۇ. مۇنداق زۇلمەتلىك كېچىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇقتا بۇ يەرگە كېلىشىدە قانداقتۇر بىر رەزىل مەقسەتلىرى باردەك قىلاتتى.

— تېز بولايلى، تېز!

ئۇلار ھەدەپ بىر ـ بىرىنىڭ بىقىنلىرىغا نوقۇشىدۇ، دولىلىرىدىن ئىتتىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ كېلىشىدۇ. ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قاۋۇلراق كەلگەن بىرى ئىككىنچى بىرىنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ، ئۈچىنچى بىرىنىڭ دولىسىدىن ئارتىلىپ تام ئۈستىگە چىقىدۇ. ئاندىن كېيىنكىسىنى قولىدىن تارتىدۇ. يەنە بىرى ئۇنى تۆۋەندىن يۆلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇمۇ تام ئۈستىگە چىقىۋالىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىرىنى تام ئۈستىگە چىقىپ بولغان ئىككىيلەن قولىدىن تارتىپ، تام ئۈستىگە چىقىرىدۇ.

ئاندىن بۇ ئۈچ «كۆلەڭگە» كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇزاقتىن بېرى «جەنۇبىي گۈلباغ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ چوڭ، ھەيۋەتلىك قورۇنىڭ كەينىدىكى باغقا چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چۈشىدۇ.

بۇ ئۈچ «كۆلەڭگە» ئورۇمچىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان قىشلىق ئۇيقۇسىدا. غېمىدە يوق ئۇخلاۋاتقان، ياز كۈنلىرى بۈك - باراقسان بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان — ئالما، ئانار، شاپتۇللۇق ئېسىل باغنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، چىرىغى يورۇپ تۇرغان خېلىلا ھەشەمەتلىك بىر ئۆينىڭ دېرىزىسى يېنىغا پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ كېلىشىدۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تامغا چاپلىشىپ، ئۆي ئىچىگە خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك قارىشىدۇ. ھەر خىل كىتابلار، ژۇرنال ۋە گېزىتلەر رەتلىك تىزىپ قويۇلغان ئىشكاپ يېنىدىكى ئۈستەلدە بىر ئۇلۇغ زات، بىر چېۋەر ئۇستاز، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ بېرىلىپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ كىشى كىمدۇ؟ نېمىشقا تېخىچە ياتمىغاندۇ؟ ئۇ ھازىر

نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟
ئۈچ «كۆلەڭگە» بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ:
— تېخى ئۇخلىماپتۇ! — بىر ئاز كۈتەيلى! — دېيىشىپ، ئۆي ئىچىگە ئۇزاق قارىشىدۇ. قاراۋېرىپ بەللىرى تالىدۇ، كۆزلىرى خىرەلەشىدۇ، پۇت ـ قوللىرى تىترەيدۇ. ئاخىر ئۇلار بولالماي تام ياقىلاپ ئىككى ـ ئۈچ مېتىر كەينىگە چېكىنىپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلار ئۆي ئىگىسىنىڭ چىراغنى ئۆچۈرۈپ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولۇپ كېتىشىنى كۈتۈشىدۇ. كۈتكەنسېرى ئىچى تىتىلدىشىدۇ. ئۇلار بۇ ئادەمنى كۆزدىن يوقاتسىلا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىدا ھەر قانچە گۇناھ قىلسىمۇ، قاراڭغۇ تۈرمىنى كۆرمەيدىغان ياخشى ئىمكانىيەتكە ئىگە بولاتتى. لېكىن، شۇ تاپتا مۇنداق پەيت ئۇلارغا ئاسان كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۆي ئىچىدىكى بۇ ئۇلۇغ زات ئۇيقۇ ۋە مۈگدەشتىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى. بارغانسېرى بىر خىل كۈچلۈك شىجائەت بىلەن بېرىلىپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ بەزىدە پولاتتەك مەزمۇت، چەبدەس قولىدا چاققانلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتەتتى بەزىدە چېكىسىنى تۇتۇپ چوڭقۇر ئويلارغا چۆمەتتى، ئاندىن يەنە قولىغا قەلەم ئېلىپ ئويلىغانلىرىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرەتتى.
سىرتتىكى «كۆلەڭگە» لەرگە ئەھۋال تەس بولۇۋاتاتتى.
— ئەجەب تۇڭلىدىم! — دەيدۇ ئارىدىن ۋىجىكرەك كەلگەن بىرى خۇددى بەزگەكتەك تىترەپ، — نېمىدېگەن سوغۇق! ئۇزاق ساقلاپ كەتكەچكە شۇنداق تويۇلۇۋاتامدۇ؟ مەن بۇ چاغقىچە مۇنداق سوغۇقنى زادى كۆرۈپ باقمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى

— سەن بەك تونگغاق ئوخشىمامسەن؟ — دەيدۇ سىمىززەكى.

— سەن تونگلىمىدىنگما؟

— مەنمۇ تونگلىدىم. لېكىن، بەك ئەمەس! . . .

بۇ ئىككىسىنىڭ گەپلىرى قاۋۇلراقىنىڭ كۆنگلىگە ياقمايدۇ. ئۇ نارازى بولغان هالدا:

— ئاغىنىلەر، شۈك بولۇنگلار، هازىر تونگلىغان بولساڭلار، سەل تۇرۇپ ئىش باشلىساق قىزىۋالىسىلەر! تېخى ئىشنى پۈتتۈرۈپ پۇلنى خەجلىگەن چېغىڭلاردا بەختىنىڭ پەيزىنى تېخىمۇ ئوبدان سۈرىسىلەر! — دەيدۇ.

بۇ گەپ بىلەن هېلىقى ئىككىيلەن خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىمىپلا كېتىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا گويا يوغان چامادانىدىكى پېچىتى بۇزۇلمىغان پۇللار كۆزنى چاقنىتىپ، كۆنگۈلنى يايرىتىپ ھەدەپ پور - پور ئۇچقاندەك قىلىۋاتاتتى. «پاھ، نېمىدېگەن جىق پۇللار بۇ! . . . پۇل دېگەن جاننىڭ راھىتى ئەمەسمۇ؟ پۇلۇڭ بولسا قولۇڭغا گۈل، ئۆيۈڭگە قىز - چوكان كېلىدۇ. (پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلغان ئەمەس - دە! بىز ئاشۇ پۇللارنى دەپ قاراڭغۇ تۇرمىگە كىرىپ قالدۇق ئەمەسمۇ؟ . . .»

ئۇلارنىڭ خىيالى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

قاۋۇلراقىنىڭ گېپى ئۇلارنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋېتىدۇ:

— ھەي، ئەمدى سەن بېرىپ قاراپ باقە، ئۇخلىدىمۇ، قانداق؟

ۋىجىكرەكى ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزە يېنىغا بېرىپ،

ئۆيگە قارايدۇ. ئاندىن قايتىپ كېلىپ، مەيۈسلۈك ئىچىدە بېشىنى چايقايدۇ:

— قارىغاندا، بۇ ئادەم ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس، — دەيدۇ ئۇ، — مۇنداق ساقلاۋەرگەندىن كۆرە ھازىرلا تۇتۇش قىلساق بولامدۇ؟ — دېگەننى قوشۇپ قويىدۇ.

قاۋۇلراقى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاپىقىنى تۈرۈپ دەيدۇ:

— ئۇ چاغدا جېنىڭنى بەرمىگەن ھالەتتىمۇ، خۇددى ئەسىرگە چۈشكەن ئادەمدەك ئىككى قولۇڭنى ئېگىز كۆتۈرسەن، سوغا چۈشكەن ئىتتەك تىترەيسەن!

— ئۇنداقتا ئۇ پەقەت ئۇخلىمىسىچۇ؟ — دەيدۇ سېمىزرەكى ئەنسىرەپ.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن. ئۇخلىمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ ئۇ بەرىبىر ئۇخلايدۇ.

ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، كۆڭلىدە ئۆزى بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى ئويلاپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭىدۇ. كەينىدىن قالغان ئىككىسىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دېگۈدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.

بۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىكى ئۇلۇغ زات ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ خۇددى ئاچچىق يۇتۇۋالغان كىشىدەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

— ... گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقىمىزنىڭ قولىدىن قان تۆكۈلۈش ۋە قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە كەلگەن، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمدا جەزملەشتۈرگەن ئاشۇ ئازغىنا ھوقۇقىمىزنىمۇ تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئىچى زەھەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇ نىجىس ئەبلەخلەر تەپ

تارتماستىن خەلققە قارىتىپ ئۇق چىقىرىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇش، يول قويۇش مۇمكىنمۇ؟... — دەيدۇ.

ھېلىقى ئۆچەيلەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ۋۇلقان كەبى ئېتىلغان بۇ گەپلىرىنى ئوچۇق ئاڭلايدۇ. شۇ تاپتا خۇددى ئۆزلىرى پاش بولۇپ قالىدىغاندەك، بۇ ئۇلۇغ زات، ئەسكەرلىرىگە: «تۇتۇڭلار بۇ رەسۋا ئوغرىلارنى! دەپ قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاتقۇزۇۋېتىدىغاندەك بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە قالىدۇ. ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك – پوك دېگەندەك، يۈرەكلىرى پوكۇلداپ، پۈت – قولىدا جان قالمايدۇ.

ئۇلۇغ زات ئۆي ئىچىدە قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۇيان – بۇيان ماڭىدۇ، بىردەم بىر ئىزدا تۇرۇپ، قوللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتىدۇ. بىردەم قوللىرىنى سىلكىپ، غەزەپ بىلەن:

— مۇستەبىت كۆچلەرگە، ئەكسىيەتچىلەرگە ھەرگىزمۇ يول قويماسلىق كېرەك! خەلقنىڭ قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىش بەدىلىگە كەلتۈرگەن ئازغىنا ھوقۇقىنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك! — دەيدۇ.

ئۇلۇغ زاتنىڭ مۇشتۇمى قاتتىق تۈگۈلگەنىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئاددىيغىنا تۈگۈلگەن مۇشت ئەمەس، پۈتۈن زۇلمەت دۇنياسىنى ھازىرلا گۇمران قىلىپ تاشلايدىغان ئەلپازدا تۈگۈلگەن قۇدرەتلىك مۇشت ئىدى.

ئۇلۇغ زات دېرىزە تەرەپكە كېلىپ، غەزەپ بىلەن

ئۇنلۇك توۋلاۋېتىدۇ:

— خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازىمىزكى، ھەرگىز تىز پۈكمەيمىز!

ئۇنىڭ جۇشقۇن، جاراڭلىق، ئاۋازى دېرىزىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇزاق - ئۇزاق يەرلەردە ئەكس سادا پەيدا قىلغاندەك بولىدۇ. بۇ سادا پۈتۈن زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، قانخور، ۋەھشىي دۈشمەنلەرنى خۇددى بەزگەكتەك تىترىتىۋېتىدۇ. بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ قەلبىدە خۇددى ۋۇلقان كەبى پارتلايدىغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت مەۋج ئۇراتتى.

ئاشۇ ۋۇلقان، ئاشۇ كۈچلۈك سادا تەسىرىدىنمى-كىن، تالادا بىردىنلا كۈچلۈك بوران كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ بوران مال - دۇنياغا كۆزى تويمىغان، خاتا يولدىن قول ئۈزۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، خەلقئالەم ئالدىدا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك رەزىللىك، ۋەھشىيلىككە تۇتۇش قىلىۋاتقان ئوغرىلارغا تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان سېسىق پۇللارنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يۇرىدىكىدىكى كىرلەرنىمۇ نەلەرگىدۇر پاك - پاكىز ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ كەتكەندەك سېزىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قاۋۇلراق باشلامچى گېلى قاتتىق سىقىلغاندەك قورقۇنچلۇق ئازاب ئىچىدە قالىدۇ. بۇ كۈچلۈك ۋىجدان ئازابى ئىدى. بۇ ئازاب ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتىدۇ. بەدىنى خۇددى يەر تەۋرىگەندەك سىلكىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق ئازابنى ھېس قىلمىغانىدى. ئۇ شېرىكلىرىنى سەل نېرىراق ئاپىرىپ:

— ئاغىنىلەر، سىلەرگە دەيدىغان بىر گەپ چىقىپ قالدى، — دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

شېرىكلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىشىدۇ:
— ھە، دېگىنە، قولىقىمىز سەندە!
— مېنىڭ كاللامغا مۇنداق بىر نەرسە كېلىۋاتىدۇ! — دەپ سۆزىنى باشلايدۇ قاۋۇلراقى يېنىك بىر يۆتىلىۋالغاندىن كېيىن، — ئويلاپ باقسام، بىز تولىمۇ ئەخمەق، ساراڭ ئىكەنمىز. پۇل - دۇنيا بېرىمىز، دېسە، ھەتتا ئانىمىزنىڭ كۆكسىنىمۇ كېسىپ كېلىشتىن يانمايدىغان كۆڭلى قارا مەخلۇقلاردىنكەنمىز.
ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ شېرىكلىرى ئەجەبلىنىپ: «بۇ ئاداش نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىدۇ» دەپ ئىچىدە غۇدۇرىشىدۇ، ئاندىن بىردەم تۇرۇۋېلىپ:
— ئاداش، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، سەن شۇ تاپتا نېمە بولۇۋاتىسەن، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ كىم مال - دۇنيا دېسە، ئانىسىنىڭ كۆكسىنى كېسىپ كېلىشتىن يانمايدىكەن؟ بۇ قاملاشمىغان گەپ! ئاداش، ماڭا قارىغىنا، ئويناشساڭمۇ ئويلاپراق گەپ قىلساڭ بولارمىكىن؟ — دەيدۇ سېمىزرەكى.
شۇ ئەمەسمۇ؟ — دەيدۇ يەنە بىرى.
— ئويلىغاچقا مۇشۇنداق دەۋاتىمەن، — قاۋۇلراقى مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلايدۇ، — بىز ئەسلىدە يوقسۇللارنىڭ بالىلىرى، شۇنداققۇ؟ — ئىككىسى باشلىرىنى لىڭشىتىدۇ، — تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقىدىن تازا قىينالدۇق. ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن ئوغرىلىق قىلدۇق. دەسلەپتە كىچىكرەك نەرسىلەرنى ئوغرىلىدۇق، بارا - بارا چوڭىنى ئوغرىلاپ، بۇ ئىشنى كەسپىمىزگە ئايلاندۇرۇۋالدۇق، سېسىق نامىمىز ئالەمگە پۇر كەتتى.

بەزىدە تېخى رەسۋا بولغان چاغلىرىمىزمۇ بولدى . . .
— هوي ـ هوي، ئاغىنە، ساڭا نېمە بولدى؟ بۆلەكچىلا سۆزلەپ كەتتىڭغۇ؟
ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۆزلىرىنى باسالماي ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشىدۇ. «مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغۇمىز يوق» دېيىشىپ ئۆزلىرىنى نېرى قاچۇرماقچىمۇ بولۇشىدۇ.
— توختاڭلار، گېپىمنى دەۋالاي، ئاڭلاپ بېقىڭلار،— دەپ ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇۋالىدۇ،— گېپىمگە كىرىش ـ كىرمەسلىكىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، لېكىن مەن گېپىمنى دەپ بولۇپلا بۇ يەردىن كېتىمەن.
— ھە، ئەمدى تۆگىدەك كەينىڭگە سىيىۋالاي دەۋاتامسەن؟ بويۇڭغۇ تۆگىدەك ئېگىز ئەمەستى،— دەيدۇ سېمىزرەكى، ئۇ مۇشۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ۋىجىكرەكىنىڭ كۆزىگە قارايدۇ.
— راست ئەمەسمۇ؟ — دەيدۇ ۋىجىكرەكى.
— توختاڭلار، گېپىمنى ئاڭلىساڭلار، مەندىن بۇرۇن سىلەر كېتەمسىلەر، بۇنى كىم بىلىدۇ! — دەيدۇ قاۋۇلراقى چاقچاق ئارىلاش.
— ھە، ئەمىسە دېگىنە.
— چاپسان بولغىنا، ئادەمنى تەقەززا قىلماي.
قاۋۇلراقى سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:
— ئوغرىلىق قىلىپ خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولدۇق! خەلقنىڭ قىساسى تۇتۇپ، تۈرمىلەرگە چۈشتۇق، ئۇ يەردە تارتمىغان ئازابلىرىمىز، كۆرمىگەن كۈنلىرىمىز قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيەردە ئۇستىخانلىرىمىز

چىرىپ كېتىشكە تاس قېلىشۇدى. . . .

— ۋاي ـ ۋۇي، گېپىڭىنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەڭ بولامدۇ؟ — تاقەت قىلالمىغان بىرى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىدۇ، — نېمانداق ئەزمىلىك قىلىپ گەپ يورغىلىتىسەن؟

سەۋرچانلىق بىلەن گېپىمنى ئاڭلاڭلار، — دەيدۇ قاۋۇلراقى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى ئۈنلۈكرەك چىقىۋاتاتتى، دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم تۈزۈلۈپ، شۇ بىتىمنىڭ روھىغا بىنائەن ئومۇمىي كەچۈرۈم بولغاندا، گۇناھسىزلار قاتارىدا بىزمۇ تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىقتۇق، خۇشاللاندۇق، شۇنداققۇ؟ دېگەنلىرىمە. نىڭ ھەممىسى راستتۇ؟

— شۇنداق، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست! لېكىن، راست بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دەيدۇ شېرىكلىرى. ئۇلار كۆڭۈللىرىدە بولسا «بۇ گەپلەر بۇيەردە نېمىگە لازىم؟ دەيدىغان گېپىنى ئۇدۇل دەۋەرسە بولامدۇ؟» دەپ ئويلىشىدۇ.

— لېكىن بىز ئەخمەقلەر ھازىرغىچە شۇنى ئويلىمىدۇقكى، — قاۋۇلراقى قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلىدۇ، — ئەگەردە ئەخمەت ئەپەندىم قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم تۈزۈلمەيتتى، بىتىم تۈزۈلمىسە، تۈرمىدىن بوشىتىش بولمايتتى، تۈرمىدىن بوشىتىش بولمىسا، بىز ھازىرقىدەك ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيتتۇق. ئەھۋال شۇنداق

تۇرۇقلۇق، بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز «ۋاپاغا جاپا بارمۇ دېسە، ئىزدىسە تېپىلار» دېگەندەك، ئۇلتۇرسىمۇ، قوپسىمۇ بىز كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئەخمەت ئەپەندىمدەك بىر دانا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنىڭ مەڭگۈلۈك قارغىشىغا قالىدىغان بۇ ئىپلاس ئىشنى قىلغىلى بۇ يەرگە كەپتۇق. بۇ مال ـ دۇنيا بېرىمەن دېسە، ئانىسىنىڭ كۆكسىنى كېسىپ كەلگەن بىلەن ئوپئوخشاش ئىش تۇرمامدۇ؟

قاۋۇلراقى يۇرەكنىڭ بېغىشىغا تەگكۈزۈپ ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ شېرىكلىرى تەسىرلىنىپ ئولتۇرالماي قالىدۇ.

— راست، راست دېدىڭ، — دەيدۇ شېرىكلىرىدىن بىرى.

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى بەرھەق! — دەيدۇ يەنە بىرى.

بەس، — دەيدۇ قاۋۇلراقى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «ئەمدى كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، يىراقتا نەزەر سالايلى، يامان ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تارتايلى!

— شۇنداق قىلايلى!

— ئۇنداق بولسا يۇرۇڭلار كەتتۇق . . .

ئەتىسى ئەتىگەن قۇياش گۈزەل خانتەڭرى تېغىدىن ئادەم بويى كۆتۈرۈلگەن چاغدا، ياڭخاڭ كوچىسىدىكى يوغان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان «جەنۇبىي باغچە» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان چوڭ قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يوغان چامادان كۆتۈرگەن ئۈچ ئادەم پەيدا بولۇشىدۇ.

بۇ ئۇچەيلەن دەرۋازىدا پوستا تۇرغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، كۆرۈشمىسە زادى بولمايدىغانلىقىنى دەپ تۇرۇۋالىدۇ، بۇ ئىش ئەخمەت ئەپەندىمگە چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈلىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم ئۇلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بېرىدۇ.

بۇ ئۇچەيلەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ يېنىغا كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن قوللىرىنى كۆكسىگە تۇتۇپ ئېگىلىپ سالام بېرىدۇ. ئاندىن چامادانىنى شىرە ئۈستىگە ئاستا ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچىدۇ. چامادان يېپيېڭى، پىچىتى بۇزۇلمىغان پۇللار بىلەن تولغانىدى. پۇل ئۈستىدە يوغان بىر خەنجەر پارقىراپ تۇراتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئاندىن سەمىمىيلىك بىلەن:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورايدۇ.

بۇ ئۇچەيلەن خېلى بىر ۋاقىتقىچە باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ قېلىشىدۇ. ئەخمەت ئەپەندى «نېمە گېپىڭلار بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭلار!» دېگەننى قايتىلىغاندىن كېيىنلا ئۇلار:

— گۇناھىمىزنى كەچۈرۈڭ، — دېگەننى ئارانلا دېيەلەيدۇ.

ئاخىرىدا شۇ ئىش مەلۇم بولدىكى، گومىنداڭ «25 ـ فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى قوزغاپ، ئەخمەت ئەپەندىمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن پۇل بىلەن داڭلىق ئوغرى ـ قاتىللارنى سېتىۋېلىپ، رەزىل مەقسىتىگە شۇ ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان.

ئەخمەت ئەپەندىم ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويىدۇ.

ھېلىقى ئۇچەيلەن ھېلىدىن ـ ھېلىغا:

— گۇناھىمىزنى كەچۈرۈڭ، بىز ئەمدى چوقۇم ياخشى ئادەم بولىمىز! — دېگەننى تەكرارلايدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى ئۇلارغا:

— مەن سىلەرنىڭ توغرا يولغا ماڭغانلىقىڭلارنى تەبرىكلەيمەن! — دەپ ئۇلارغا ئىلھام بېرىدۇ.

ئۇچەيلەن ئاجايىپ بىر خىل خۇشاللىق ۋە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن ئەخمەت ئەپەندىمگە قاراپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ۋالىي مەھكىمىسىگە خەت

ئەخمەت ئەپەندىم تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ خىزمەتلىرىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىگە مەخسۇس خەت يازىدۇ. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«تارباغاتاي ۋالىيسى باشباي ۋە مۇئاۋىنلىرى قاسىمجان ۋە ئالىمجان ئەپەندىلەرگە:

مالىيە ۋەكىللىرىڭىزلار ھېچقانچە نەتىجە چىقىرالماي قايتىپتى. ئۇلار بۇيەردىكى ئەھۋال بىلەن ياخشى تونۇشتى. ئۈچ ۋىلايەت مالىيە ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت مالىيە ۋەكىللىرى ھەر دائىم بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بامەسلىھەت ئىش ئېلىپ بارسا، ئارىدا ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھازىر مالىيە مەسىلىسى سىياسىي مەسىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ سىياسىي سىقىش يولىنى

تاللىماي ئىقتىسادىي سىقىش بىلەن خەلقىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ دېگەن يولىغا ماڭدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. مۇنداق ۋەزىيەتتە خەلق ئىتتىپاقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن قۇۋۋەت تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۆزئارا بىر ـ بىرلىرىگە كەچۈرۈم يولىنى قائىدە قىلىپ، خەلق بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پۈتۈن قابىلىيەت ۋە قۇۋۋەتلىرىڭىزنى سەرپ قىلىپ، شەخسىي ئاداۋەتنى خەلق مەنپەئىتىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ھەرگىز ئۆزئارا بىر ـ بىرىڭلاردىن خاپا بولماستىن مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى مۇستەھكەملەپ، خەلقنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بارلىق كۈچۈڭلارنى ھەم مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشىڭىزلارنى تىلەيمەن.

بىز پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە يېڭىلىك كەلتۈرىمىز، دەپ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بەرگەن قۇربانلار بەدىلىگە مەركەز بىلەن بىتىم تۈزگەنمىز، ئەلۋەتتە بىتىم ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش ئورۇنداش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ھۆججەتتۇر، بىتىمنىڭ باشقا ۋىلايەتلەردە ئورۇندىلىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئۆزلىرىمىزمۇ بىتىمگە تولۇق رىئايە قىلمىغىمىز مەجبۇرىي شەرتتۇر. شۇڭا، يۇقىرىدىن ئەمر كۈتۈپ تۇرماستىن، بىتىمنىڭ ھەر ماددىسىنى ئايرىمچە چوڭقۇر چۈشىنىپ، بىتىمگە مۇۋاپىق ئىشلىشىمىز زۆرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پارچە ـ پۇرات ئەرزىمەس ئىشلارغا ئېتىبارسىزلىق قىلىپ، چىۋىننى پۇۋلەپ پىل قىلىشقا سەۋەبچى بولماسلىقتا تىرىشىش كېرەك، سىلەرنىڭ ئېتىبارسىزلىق قىلىپ «جۇمھۇرىيەت» دېگەن ئالاقە قەغىزىگە ئالاقە يېزىپ قويۇشىڭىزلار بىر مۇنچە شاۋقۇنغا سەۋەبچى بولدى. مۇنداق ساۋاقلارنى ئۇنتۇش زادى يارىمايدۇ. ئەھۋالنى پەرق ئېتىش كېرەك. بۇرۇن ئۆزئارا خەلقىمىز ئىچىدە رەسمىيەتچىلىك ئىشلىرىغا ئېتىبار قىلماي، يالغۇزلا خەلق تىلىكىگە ۋە تەلىپىگە مۇۋاپىق ئىش ئېلىپ بارغان بولساق، ھازىر خەلققە تايىنىپ ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا رەسمىيلەشتۈرۈپ، شۇ رەسمىيلەشكەن ئىشقا تولۇق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چۈنكى، باشقا ۋىلايەتلەردە مۇستەبىت ئۇنسۇرلارنىڭ: ئەسكىرىي كۈچ، پولىتسىيە (ساقچى) تۈزۈمى، سوت، تۈرمە ۋە دوللارغا تايىنىپ ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ۋە سىلەرنىڭ زەررىچىلىك كەمچىلىكىڭلارنى تاغ قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى زادى ئەستىن چىقىرىش يارىمايدۇ. خەلق ئۇلارنىڭ غەيۋىتىگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ، دەپلا ئۆز ئىشىمىزگە پۇختا بولمىساق، خەلق ئاۋازىغا ئۆز ۋاقتىدا قۇلاق سېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا تەلىپىگە جاۋاب بېرىپ تۇرمىساق، ھېچكىم بىزنى كەچۈرمەيدۇ، باشقا جايلاردا

مۇستەبىتلەر توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دېسەك، بىزدە ھېچكىم خەلق تىلىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى لازىم.

«خەلق» دېگەن ئاتالغۇ مەنىسىگە — شۇ جۇغراپىيە دائىرىسىدە ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى كىرىشى كېرەك. شۇ جۇملىدىن خەنزۇ خەلقىمۇ كىرىدۇ. خۇسۇسەن خەنزۇ خەلقىگە ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى كۆز قاراشنى يوقىتىپ، خەنزۇ خەلقىگە زورلۇق ياكى ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن ئەمەس، ۋە بەلكى ئىختىيارىي، ئەركىن تۇرمۇش، سىياسىي باراۋەرلىك مەۋقەسى ئاساسىدىكى دوستلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە كۈچ چىقىرىش كېرەك.

ھەممە خەلق ئازاد، ئەركىن، باراۋەر سىياسىي مەۋقەدە ياشىغاندىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقى مۇستەھكەم بولىدۇ، ئىختىيارىي دوستلۇقنى، بىر - بىرىگە نىسبەتەن سەمىمىي ئالاقىدە بولۇشنى ھەرگىز كۈچ بىلەن ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغانلار ئازچىلىقلارنىڭ تەلىپىگە ناھايىتى دىققەت بىلەن ئېتىبار قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دوستلۇق ۋە شەپقەتلىك مۇئامىلىسىنى ئىپادىلىشى كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزدىكى يېگىلىش ئېڭىنى تۈزىتىش كېرەك. خەلقىمىزنىڭ بۇرۇندىن ئېزىلىپ كېلىشىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەنزۇ خەلقى ئەيىبلىك ئەمەس، خەنزۇ مۇستەبىتلىرى بىلەن خەنزۇ خەلقىنى خەلقىمىز پەرق قىلالىسا، خەنزۇ خەلقىگە بولغان كۆز قارىشى ئۆزگىرىدۇ. خەنزۇ خەلقى بىزنى ھەرگىز ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىمەن دېمەيدۇ، خەنزۇ خەلقى ھەرگىز پولىتسىيە تۈزۈمى بىلەن بىزنىڭ خەلقىمىزنى ئىدارە قىلىمىز، دېمەيدۇ. ئۇنداق ئويدىكىلەر بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ قانچىلىك دۇشمىنى بولسا، خەنزۇ خەلقىنىڭمۇ شۇنچىلىك دۇشمىنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەرنىڭ تەربىيە ئىشىغا ئارتۇقچە دىققەت قىلىشىڭىزلارنى ئۆتۈنىمەن.

خەلقىمىزنىڭ بەخت - سائادىتىنى تىلەيمەن، خەلقىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ھارماي ئىشلىشىڭىزلارنى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزلارنى تىلەيمەن.

مەندىن ۋە مېنىڭ يولداشلىرىمدىن پۈتۈن تارباغاتاي خەلقىگە يالقۇنلۇق سالام.

ھۆرمەت بىلەن: ئە. قاسىمى

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

تارباغاتاي مەھكىمىسى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مىللىي ئىتتىپاق تەربىيىسىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدا مەخسۇس قارار چىقىرىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ناتونۇش ئادەم

كېچە، ئەتراپ جىمجىت. مىللىي ئارمىيىنىڭ قوراللىق جەڭچىسى سەگەكلىك بىلەن پوستتا تۇرىدۇ. بىر چاغدا بىر ئادەمنىڭ قارىسى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

— توختا! — ۋارقىرايدۇ جەڭچى.

ھېلىقى ئادەم ئورنىدا جىم تۇرىدۇ.

— كۆتۈر قولۇڭنى! — جەڭچىنىڭ ئاۋازى ھاۋا بوشلۇقىدا ياڭراپ كېتىدۇ. ھېلىقى ئادەم قولىنى ئاستا كۆتۈرىدۇ.

— نېمە ئادەمسەن؟ بۇ كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورايدۇ، يەنە بىر جەڭچى بولسا بۇ ئادەمنىڭ يانلىرىنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىقىدۇ.

— مەن يولدىن ئېزىپ قېلىپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دەيدۇ ھېلىقى ئادەم.

— راستىڭنى ئېيت! — توۋلايدۇ ئىززۋوت كوماندىرى.

ھېلىقى ئادەم «يولدىن ئېزىپ قالدىم!» دېگەن گەپتىن باشقىنى دېمەيدۇ. بۇ ھال روتا كوماندىرىنىڭ

گۇماننى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئۇ ئەھۋالنى دەرھال پولك كوماندىرىغا دوكلات قىلىدۇ.

— بولىدۇ، ھازىر باراي، — ئۇزۇن ئۆتمەي پولكوۋنىك كىرىپ كېلىدۇ ـ دە، بىر قاراپلا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي تۇرۇپ قالىدۇ.

— بۇ . . . سىز؟

پولكوۋنىك ھېلىقى ئادەمگە قاراپ ھەربىيچە سالام بېرىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ . . . ئەتراپتا تۇرغانلار بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ.

— ئەخمەت ئەپەندىم، سىز بەك تەدبىرلىك كىشى جۇمۇ؟ — دەيدۇ پولكوۋنىك ئالدىدا تۇرغان رەھبەرگە قايىللىق بىلەن قاراپ، — سىز مۇشۇ چارە ئارقىلىق قوشۇنىمىزنىڭ ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بوپسىز ـ دە!

— قوشۇنىڭىزنى يىغىڭ! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم جاۋاب ئورنىدا تەمكىنلىك بىلەن.

ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتۈن پولكتىكى جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار ھەرىكەتكە كېلىپ سەپكە تىزىلىدۇ.

پولكوۋنىك بۇ خەلق رەھبىرىنى قوشۇندىكىلەرگە تونۇشتۇرىدۇ. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىدۇ.

— سىلەرگە ئاپىرىن! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم جاراڭلىق ئاۋازدا، — بەك ھوشيار ئىكەنسىلەر، ئىنتىزامىڭلارمۇ ياخشى ئىكەن، دەرۋەقە شۇنداق بولۇشى كېرەك. پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا ئالتۇندەك غەلىبىلەر

ياتىدۇ. . .

ئەخمەت ئەپەندىم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بايىقى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرى پۈتۈن جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا زور ئىلھام ئاتا قىلىدۇ.

— يولداشلار، ئىنقىلاب غەلىبىسى يېقىنلاشقانسېرى، ھوشيارلىقىمىزنى شۇنچە ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك! . . .

شۇئان پۈتۈن مەيداندا:

— ۋەتەن ئۈچۈن جېنىمىز پىدا!

— خەلق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا! — دېگەن سادالار ياڭرايدۇ، ئالقىشلار ئۆزۈلمەي بېسىقمايدۇ.

بۇ كىچىككىنە ۋەقە كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈلۈك چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ.

# باينىڭ قورۇسىدا

بىر كۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ئىشخانىسىدا سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

بىر چاغدىن كېيىن ئىشىك ئاستا چېكىلدى.

— كىرىڭ! — ئىشخانىدا يۈز ۇر كېيىنگەن بىر ئايال كىرىپ كەلدى.

— ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، — دېدى ئايال سەل تارتىنىپراق.

ئەخمەت ئەپەندىم ئىتتىك ئۇ ئايالغا قارايدۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇ ئايالمۇ ئەخمەت ئەپەندىگە قارايدىيۇ، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالىدۇ.

ئۇ باشقىلاردىن ئەخمەت ئەپەندىم ھەرقانداق بىر ئىشنى ئادىل ۋە كەسكىن ھەل قىلىدىغانلىقى، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، مېنىڭ ئىشىمنىمۇ چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن بىر دەۋا ئىشى ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزى بۇرۇندىنلا بىلىدىغان بۇ كىشىنىڭ ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا، تەمتىرەپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي

قالىدۇ. بۇنى سەزگەن ئەخمەت ئەپەندىم ئۇنىڭ سۆزلىشگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە:

— ئىشىڭىز بولسا، مۇشۇ كىشى بىلەن سۆزلەشسىڭىز بولىدۇ، — دەپ سەيپىدىن ئەزىزىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆزى سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

— ھېلىقى كىشى ئەخمەت ئەپەندىم بولامدۇ؟ — دەپ سورايدۇ بۇ ئايال ئەخمەت ئەپەندىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي سەيپىدىن ئەزىزىدىن.

— ھەئە، بىزنىڭ رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىم شۇ كىشى بولىدۇ، — دەيدۇ سەيپىدىن ئەزىزى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنچە ئىشەنمەيۋاتقان بۇ ئايالنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇنداق بىر ۋەقە غىل - پال ئۆتۈپ كېتىدۇ:

بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئۇرۇمچىدىكى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىقىپ، ئۆز يۇرتى — غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ ئەينەكچىلىك قىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى بىر تەرەپتىن، ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، يەر ئاستى خىزمەت — ئىنقىلاب مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىۋاتاتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇ كۈنلەردە ئۈچىسىغا كونا ھەم ئۆزۈن چاپان كىيىپ، بېلىنى تاسما بەلۋاغ بىلەن چىڭ باغلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بار - يوق دەسمايىسى ئەينەك كېسىدىغان بىرتال ئالماس، بىر كىچىك ساندۇق ۋە بىر

نەچچە پارچە ئەينەكلا ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ بىر باينىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىغا دېرىزىلەرگە ئەينەك سېلىشقا كىرىدۇ. قىلىدىغان ئىش خېلىلا كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەتىگەندىن چۈشكىچە شۇنداق ئالدىراش ئىشلەيدۇ. چۈش مەزگىلى بولغاندا قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ باينىڭ ئايالىغا:

— مەن سىرتقا چىقىپ، قورسىقىمنى بىر ئاز ئەستەرلىۋېلىپ كىرەي! — دەيدۇ.

لېكىن، باينىڭ ئايالى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ تاماق يەپ كىرىشىگە ئۇنىمايدۇ. تېخى بويىنىنى قېقىپ:

— مېنىڭ كەچتە مېھمانلىرىم بار. شۇڭا، سەن ھېچنەگە بارماي، ئىشلىرىمنى تېز پۈتتۈرۈۋەتمىسەڭ بولمايدۇ! — دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆيگە ئىتتىك كىرىپ، ئىككى پارچە قاتتىق ناننى ئاچىقىپ، — قورسىقىڭ ئاچقان بولسا، مانا بۇ ناننى يە! — دەپ ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئالدىغا داققىدە قويىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم:

— رۇخسەت قىلىڭ، مەن كىشىنىڭ نېنىنى يېمەيمەن. ئۆزۈم سىرتقا چىقىپ، قورساق تويغۇزۇپ كىرەي، — دەيدۇ. شۇئان باينىڭ ئايالىنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كېلىدۇ ـ دە:

— ھوي، ئاتىكاچا گاداي، مېنىڭ نانلىرىمنى تېخى ياراتمايۋاتامسەن؟... بۇنىڭ يوغانچىلىقىنى قارا! — دەپ چالۋاقايدۇ.

— يوغانچىلىق قىلىۋاتقىنىم يوق. بۇ ھەرگىزمۇ

يوغانچىلىق قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭغا ئۇنىمىسىڭىز، ئىشلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز پۈتتۈرۈۋېلىڭ! — دەپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئەتىسى ئەخمەت ئەپەندى بۇ قورۇغا يەنە كېلىدۇ. قارىسا ئەينەك سالىدىغان ئىشلار بۇرۇنقىدەك ئۆز پېتى تۇرغان. لېكىن، باينىڭ ئايالى كۆرۈنمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئەخمەت ئەپەندىم ئىشنىڭ داۋامىنى قىلىۋېرىدۇ.

ئىش ئاياغلىشىپ قالاي دېگەندە باينىڭ ئايالى قورۇدا پەيدا بولۇپ:

— مە، ماۋۇ پۇلۇڭنى ئال، پۇلۇڭغا چىدىماي، ئاخىر يەنە كەپسەن ـ دە، — دەيدۇ.

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ھەرگىز پۇلغا چىدىماي كەلگىنىم يوق. ئىشنى چالا تاشلاپ قويۇشنى خالىمىدىم، — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم كەسكىنلىك بىلەن.

# هارۋىكەش

بىر كۈنى، ئەخمەت ئەپەندىم كۈندىلىك ئادىتى بويىچ
سەھەر سائەت ئۈچلەردە ئورنىدىن تۇرۇپ خېلى ئۇزاقىچ
بىر نېمىلەرنى يازىدۇ. يورۇق چۈشكەندە هويلا - ئارا
ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتقا بوغۇ
بېرىۋېتىپ، ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرىدۇ. دەل شۇ چاغ
ئۆيگە چاقچان، چەبدەس كۆرۈنگەن بىر ياش بالا سال
بېرىپ كىرىپ كېلىدۇ.
— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — ئەخمەت ئەپەند
بالىدىن سورايدۇ.
— خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى مېنى سىزنى
هارۋىڭىزنى هەيدەپ بېرىشكە ئەۋەتكەنتى، — دەيدۇ ب
«بۇ قانداق دېگەن گەپ؟ هازىر بىز ئىشلەپچىقىر
ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىشنى يولغا قويۇش، ئادەمل
قىسقارتىش، بىر ئادەم ئىككى ئادەمنىڭ ئىشىنى قىل
تەكىتلەۋاتساق، ئۇ ئادەمنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ
دېگەنلەرنى چاقماق تېزلىكىدە ئويلاپ ئۇلگۇرگەن ئە
ئەپەندىم ئۇ بالىدىن يەنە سورايدۇ:
— سىزنى راستىنلا مېنىڭ هارۋامنى ه
بېرىشكە ئەۋەتتىمۇ؟

بالا.

— ھەئە، شۇنداق! — جاۋاب بېرىدۇ بالا.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇ بالىغا قاراپ تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

— خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىغا بېرىپ ئېيتىڭ، ئۇ سىزنى باشقا ئىشقا قويسۇن.

ھېلىقى بالا قايتىپ كېتىدۇ. خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى ھايال ئۆتمەي يەنە باشقا بىر بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئەخمەت ئەپەندىم ھارۋىنى قوشۇۋاتاتتى.

— ھە، نېمە ئىش، ئەتىگەندىلا قەدىمىڭىز بۇيەرگە يېتىپ قاپتىغۇ؟ — ئەخمەت ئەپەندىم خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىدىن سورايدۇ.

— ئەخمەت ئەپەندىم، ھېلىقى بالا سىزگە يارىمىغان بولسا، مانا بۇ بالىنى ئىشلىتىڭ.

ئەخمەت ئەپەندىم قاتتىق كۈلۈۋېتىدۇ، ئاندىن جىددىي تەلەپپۇزدا:

— بۇ ئەسلىدە ئۇنداق ئىش ئەمەس. بىزنىڭ قايسى بىر بالىمىز ئۆز ئىشىمىزغا يارىماي قالغان. بۇ ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىسى يارايدۇ. نېمە ئىشقا قويسا شۇنى ئوبدان قىلالايدۇ. بىراق . . .

ئەخمەت ئەپەندىم گېپىنى توختىتىپ سەل تۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىغا قاراپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا دەيدۇ:

— بۇ بالىنىمۇ ئېلىپ كېتىڭ، مۇنچىلىك ئىشنى ئۆزۈممۇ قىلالايمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى ھەيران قالىدۇ:

— ئەخمەت ئەپەندىم، سىز هارۋىنى ئۆزۈم ھەيدەيمەن دەۋاتامسىز؟

— شۇنداق، ئەلۋەتتە ئۆزۈم ھەيدەيمەن. بۇ كېيىمنىڭ چۈشەنمىگۈدەك نەرى بار؟

— ئەخمەت ئەپەندىم ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ!

— ئۇنداق قىلسام نېمە بولغۇدەك؟

— خەق نېمە دەيدۇ؟

— ھېچنېمە دېمەيدۇ، بىزنىڭ خەلقىمىز ئەڭ ئەقىللىق، شۇڭا بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىدۇ.

بۇ جاۋابتىن خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بىلەن ھېلىقى بالىغا تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— قېنى هارۋىغا چىقىڭلار! — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىنىڭ ھەرقانچە توسقىنىغا قارىماي هارۋىنى ئۆزى ھەيدەيدۇ. بۇ چاغدا خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىمۇ ئىلاجسىز بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ هارۋىنى خۇددى ئۇستا هارۋىكەشلەردەك شۇنداق ئوبدان ھەيدىگىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى خىجالەتچىلىك ئىچىدە: «ئەخمەت ئەپەندىم ئۆزاق سەپەرگە چىققاندىمۇ بىزنىڭ شوپۇر ئىشلەتمەي، ماشىنىنى ئۆزى ھەيدىگەن، بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. توۋا... ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشمۇ بارمىدۇ؟...» دېگەنلەرنى ئويلايدۇ.

# بازارنى كۆزدىن كەچۈرۈش

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. كۆكتىكى قۇياش ئۆزىنىڭ ھاياتبەخش نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ پات - پات بازارغا چىقىپ، بازار ئەھۋالىنى ۋە ماللارنىڭ نەرخ - ناۋاسىنى ئىگىلەپ تۇربىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ بۈگۈن شۇ ئادىتى بويىچە بازارغا چىقىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم سالماق قەدەم بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بىر ناۋايخانا ئالدىغا بېرىپ توختايدۇ.

— ناۋاي ئۇستام، مېھمان چاقىرماقچىدىم. شۇڭا، ئۇقۇپ باقاي، دەيمەن، بىر خو ئۇندا قانچىلىك نان بولىدۇ؟ — ئەخمەت ئەپەندىم ناۋايدىن مۇلايىملىق بىلەن سورايدۇ.

ناۋاي ئۇستام ئەتىگەندىن بېرى نان يېقىپ چارچاپ كەتكەچكىمۇ ياكى ئەزەلدىنلا شۇنداق تەرسا مىجەز، قوپال ئادەم بولغىنىمۇ ئۇچۇنمۇ ئەيتاۋۇر بەكمۇ قوپال جاۋاب بېرىدۇ:

— سېنىڭ ئۇنۇڭنى مەن ئوغرىلىۋالاتتىممۇ؟ ئاۋۋال

ئۇنۇڭنى ئەكېلىپ بەر يېقىپ بولغاندىن كېيىن سانىنى چىقىرىۋال.

ئەخمەت ئەپەندى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇنداق قوپاللىقىنى قىلچىمۇ ئېغىر ئالمايدۇ، بەلكى ناۋايغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ناۋاي ئۇستام، بىر خو ئۇننى نەچچە پۇلدىن ئېلىۋاتىسىز؟ — دەپ يەنە سورايدۇ.

ناۋاي ئۇستامنىڭ بۇ سوئالغا نېمىشقىدۇر غوژژىدە ئاچچىقى كېلىپ:

— بېرىپ رەۋەندىدىن سورا، — دەيدۇ.

— ماقۇل ئۇستام، مەن شۇنداق قىلاي! — ئەخمەت ئەپەندى شۇنداق، دەپ كېتىپ قالىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ھەش - پەش دېگۈچە باققاللارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ يەر بىلەن ناۋايخانىنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

كېيىن باققاللار ئىچىدىن بىرى ئەخمەت ئەپەندىمنى تونۇپ قالىدۇ.

— ھوي، بۇ ئەخمەت ئەپەندىمغۇ؟ — دەيدۇ باققال.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى ناۋاي بايا قىلىپ قويغان قوپاللىقى ئۈچۈن خىجالەتچىلىكتە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خاپا بولماڭ ئاكا

ئەخمەت ئەپەندىم ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن:
— ئابدۇكېرىم، باشقا مۇھىم ئىشىڭىز بولمىسا، ئىككىمىز مەھەللىلەرنى بىر ئايلىنىپ كېلەيلى! — دەيدۇ.
— بولىدۇ! — دەيدۇ ئابدۇكېرىم ئاببASOF ئورنىدىن تۇرۇپ.
ئۇلار يولغا چىقىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن شىرىق چاپان، پۇتىغا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى.
بۇ باش ئەتىياز كۈنلىرى بولغاچقا، كوچىلار پاتقاق بولۇپ يول يۈرۈش قىيىن ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببASOF مەھەللىلەرنى خېلى كۆپ ئارىلايدۇ. بىر چاغدا ئۇلار سېپىل قوۋۇقىنىڭ يېنىغا كەلگەندە بىر هارۋىنىڭ پاتقاققا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. هارۋىكەش هەر قانچە هەپىلەشسىمۇ هارۋىنى پاتقاقتىن چىقىرالمايدۇ.
بۇنى كۆرگەن ئەخمەت ئەپەندىم:
— يۈرۈڭ ئابدۇكېرىم، بىز بىرىپ هارۋىكەش-

كە ياردەملىشـەيلى، ھارۋىكـەش خېلـىلا جاپا تارتـقان ئوخشـايدۇ، — دەيدۇ.

— ماقۇل — ئابدۇكېرىـم ئـاببـاسـوفمۇ دەرھـال قوشۇلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف پېتىپ قالغان ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىشىـدۇ. ئاندىن ئەخمەت ئەپەندىم نېمە قىلارىنى بىـلەلمەي تۇرغان ھارۋىكەشكە ئىللىق چىراي بىلەن بىر قارىۋېتىپ:

— بىز سىزگە ياردەملىشىمىـز، — دەيدۇ - دە، كېلىپ ھارۋىنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىدۇ ۋە:

— قېنى ئۇستام، ئاتنى «چۇ!» دەڭ، — دەيدۇ.

ھارۋىكەش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالىدۇ - دە، قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ: «چۇ!» دەپ ئاتقا بىر قامچا سالىدۇ. ئەخمەت ئەپەندىم ھارۋا چاقىنى مۇرىسى بىلەن كۈچەپ ئىتتىرىدۇ، چاق جايىـدىن قوزغـىلىـپ، ئىلگىرىلەيدۇ. لېكىن، كۆتۈلمىگەندە چاق ئالدىدىكى تېخىمۇ چوڭقۇرراق يەرگە پېتىپ قالىدۇ.

بۇنى كۆرۈپ ھارۋىكەش ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا ئەخمەت ئەپەندىمگە:

— ئۇكا ۋۇي، نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ يا مەن سىلەرگە «ياردەم قىلىڭلار!» دېمىسەم، بولدى مېنـى ئاۋارە قىلماي، يولۇڭلارغا مېڭىڭلار! — دەپ چالۋاقاپ كېتىدۇ. ئاندىن قوۋۇق تېمىغا يۆلىنىپ غەمگە پېتىـپ تۇرۇپ قالىدۇ.

— خاپا بولماڭ ئاكا، — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم، — ھارۋىنى ھازىر چىقىرىمىز.

www.uyghurkitap.com

ئەخمەت ئەپەندىم شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئاندىن نەلەردىندۇ گۆرجەك تېپىپ كېلىپ، پاتقاقتا شېغىل ۋە قۇرۇق توپا تاشلىغىلى تۇردى.

بۇنى كۆرگەن هارۋىكەش تەسىرلىنىپ، باشقىدىن غەيرەتكە كېلىدۇ، ئاخىر هارۋا پاتقاقتىن چىقىرىلىدۇ.

هارىكەش پاتقاقتىن چىقىرىۋالغان هارۋىنىڭ ئۆيەر-بۆيېرىنى تۈزەشتۈرۈشكە كىرىشىدۇ، ئەخمەت ئەپەندىملەر نېرىراقتىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا بېرىپ هاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

دەل شۇ چاغدا سۇپىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ كېلىدۇ-دە، ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرۈپ:

— هوي، بۇ ئەخمەت ئەپەندىمغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ. ئاندىن، — سىزنىڭ مەھەللىمىزگە كەلگىنىڭىز بىز ئۈچۈن تولىمۇ زور بەخت جۇمۇ! — دەيدۇ.

ئايال ئەخمەت ئەپەندىملەرنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن، ئەخمەت ئەپەندىم رەھمەت ئېيتىپ:

— مۇشۇ يەردە ئولتۇرىۋېرەيلى! — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنى كۆرۈپ چەكسىز خۇشاللىقا چۆمگەن بۇ مېهماندوست ئايال ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپ، بىر قاچىدا پىشۇرۇلغان پۇرچاق ئاچىقىپ ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ-دە، ئاندىن:

— ئېلىڭلار، يەپ بېقىڭلار! — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم پۇرچاقنى سىقىمداپ ئالغاچ، هارۋىكەشنىمۇ پۇرچاق يېيىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

هارۋىكەش ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ

كەلگەن ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ يېنىغا تارتىنىپراق كېلىدىيۇ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ.

— ئېلىڭ، پۇرچاق يەڭ! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— مېنى كەچۈرۈڭ، ئەخمەت ئەپەندىم! — دەيدۇ هارۋىكەش ناهايىتى خىجىللىق ئىچىدە، — بايا مەن سىزنى راستتىنلا تونۇيالماي قاپتىمەن.

— يوقسۇ . . . هېچ ۋەقەسى يوق. هەممە ئادەمنىڭ بىر - بىرىنى تونۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. بىراق، بىز ياردەم قىلىمىز، دەپ سىزنى رەنجىتىپ قويدۇق. بىز هارۋىنىڭ تىلىنى بىلمىگەچكە شۇنداق بولۇپ قالدى. سىز رەنجىپ قالمىسىڭىزلا، بىز سىزدىن هەرگىز رەنجىمەيمىز.

— مەن سىزلەردىن هەرگىزمۇ رەنجىمەيمەن، بەلكى سىزلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، — دەيدۇ هارۋىكەش.

شۇنداق قىلىپ، ئەخمەت ئەپەندىم پۇرچاق يېگەچ ئولتۇرۇپ، هارۋىكەش بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىدۇ.

## مۇئەللىمگە تەقدىم قىلىمەن

ئەخمەت ئەپەندىم ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى بىلەن بىللە شىخۇغا كېلىدۇ.
نۇرغۇنلىغان خەلق ۋە ئارمىيە يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ ئەخمەت ئەپەندىملەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ.
— رەھبەرلىرىمىز كەلدى، رەھبەرلىرىمىز كەلدى، — بىر جەڭچى ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ خەۋەر يەتكۈزىدۇ.
ئارقىدىنلا يىراقتىن بىر قارا ماشىنا ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن بىر نەچچە پىكاپلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈنىدۇ. قارا ماشىنا ھايال قالماي يېتىپ كېلىپ، قارشى ئالغۇچىلار ئالدىدا توختايدۇ. بېشىغا گۈللۈك دوخاۋا دوپپا، ئۇچىسىغا ھەربىيچە كۆڭلەك، پۇتىغا ھەربىيچە كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيىۋالغان قىرقىم بۇرۇتلۇق، قارىماققا شوپۇر سىياقىغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم ماشىنىدىن چۈشۈپ، كۆپچىلىككە قول ئىشارىتى ئارقىلىق سالام بېرىدۇ.
لېكىن، قارشى ئالغۇچىلار، ئۇ ئادەم بىلەن ئانچە

كارى بولماي، ھەدەپ كەينىدە كېلىۋاتقانلارغا تەلمۈرۈشىدۇ.
پىكاپلار كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىدۇ. پىكاپلاردىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا ۋە ھەربىيچە كىيىم كىيگەن بىر نەچچەيلەن چۈشىدۇ.
قارشى ئالغىلى چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا دىققەت بىلەن قاراپ چىقىدۇ. لېكىن، ھېچكىم بۇ رەھبەرلەر ئىچىدىن قايسىسىنىڭ ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىشىدۇ.
شۇ ئەسنادا قولىغا ھاسا تايىنىۋالغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي كىشىلەر توپى ئىچىدىن چىقىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدىكى كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، ئوچۇق چىراي كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:
— ئەخمەت ئەپەندىم، سىز بىز كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يېدىڭىز!... — دەيدۇ.
كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن كىشى بوۋايغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:
— سىز خاتا تونۇپ قالدىڭىز، مەن ئابدۇكېرىم بولىمەن! — دەيدۇ ـ دە، بوۋاينى قارا ماشىنا يېنىدا بىر موماينىڭ قولىدىكى بوۋاقنى ئەركىلىتىپ تۇرغان شوپۇر سىياقىدىكى كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىپ، — بىزنىڭ رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىم مانا مۇشۇ كىشى! — دەيدۇ.
بوۋاي چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا تەرەپ ـ تەرەپتىن:

— ياشىسۇن ئازادلىق!

— ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى! دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ كېتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم قارشى ئالغۇچىلارغا يەنە بىر قېتىم قول ئىشارىتى قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— سىلەر بىزگە ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەڭلار، «بىزنى ئازاد قىلدىڭلار» دېگەن سۆزنىمۇ دېمەڭلار. چۈنكى، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ئازاد قىلدىڭلار! دېمەكچىمەنكى، ئويغانغان خەلق قولىغا قورال ئالسا، دۇنيادا ئۇنىڭغا ھېچقانداق دۈشمەن تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىملەر شەھەر مەركىزىدىكى ياغاچ بىلەن كۆتۈرۈپ سېلىنغان سەھنىگە چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئەتراپ خۇشاللىق ۋە ئالقىش سادالىرى بىلەن تولىدۇ.

بىر چاغدا ئون ـ ئون بىر ياشلاردىكى ئوماق، چىرايلىققىنا بىر قىز بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقىدۇ ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن قولىدىكى گۈلنى ئەخمەت ئەپەندىمگە تۇتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئۇ قىزنى دەسسىدە كۆتۈرۈۋېلىپ، مەڭزىگە سۆيۈپ قويىدۇ. ئاندىن قىزدىن سورايدۇ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— رەيھان.

نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇيسىز؟

— ئۈچىنچى سىنىپتا.

ئەخمەت ئەپەندىم مەيداندىكى قارشى ئالغۇچىلارغا

قاراپ مۇنداق دەيدۇ:
— شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنى ئىككى دۇشمەن شىللىمىزدىن بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى دۇشمەننىڭ بىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى. بىز بۇ دۇشمەننىڭ بىر بۆلىكىنى يوقاتتۇق، قالغانلىرىنى پات ئارىدا چوقۇم يوقىتىمىز. خوش، ئۇنداقتا يەنە بىر دۇشمىنىمىزچۇ؟ بۇ دۇشمەن — نادانلىق! بىزنى نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ دۇشمەن تا هازىرغىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىنمۇ بەكرەك ئازابلىماقتا. بۇ دۇشمەنگە ئەمدى جەڭ ئېلان قىلىشىمىز كېرەك. بۇ جەڭدە بىزگە باشلامچى بولغۇچىلار ۋە دىلىمىزغا چىراغ ياققۇچىلار كىم؟ ئۇ بولسىمۇ — مۇئەللىم! شۇڭا، مەن بۇگۈن بۇ دەستە گۈلنى شۇ باغۋەن — مۇئەللىمگە تەقدىم قىلىمەن!
— قېنى، رەيھانگۈلنىڭ مۇئەللىمى بۇياققا چىقسۇن!...
بىر ياش مۇئەللىمە كىشىلەر ئارىسىدىن تارتىنغان هالدا سەهنىگە چىقىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق رەهبەرلەرگە ۋە خەلققە هۆرمەت بىلەن سالام بېرىدۇ.
ئەخمەت ئەپەندىم گۈلدەستىنى ئۆز قولى بىلەن مۇئەللىمەگە تەقدىم قىلىدۇ.
مەيداندا قىزغىن گۈلدۇراس ئالقىشلار ياڭراپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىقرار قىلساڭ بولمامدۇ

1948 ـ يىلى ئەخمەت ئەپەندىم ساۋەن ناھىيىسىگە خىزمەت تەكشۈرگىلى باردۇ. ئۇ ھەممە ساھەلەرنى كۆزدىن كەچۈردۇ، ھەتتا تۈرمىدىكى جىنايەت گۇماندارلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشىدۇ.

بىر چاغدىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم كامېردا جەينىكىنى يەرگە تىرەپ ياتقان يوغان كۆز جىنايەت گۇماندارىغا قاراپ:

— سەن نىمە ئادەم؟ قانداق قىلىپ بۇيەرگە كىرىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورايدۇ.

جىنايەت گۇماندارى پەرۋاسىزلىق بىلەن:

— قارىمامسىز، بىز پالانى يەردە ئورما ئورۇۋىدۇق، بىزگە ئورما ئورغۇزغان كىشىنىڭ كالىسى يوقاپ كېتىپتىكەن، ئۇ بىزگە سىلەر كالامنى سويۇپ يەۋالدىڭلار، دەپ تۆھمەت چاپلاپ، بىزنى بۇيەرگە قامىتىپ قويدى! — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم كەسكىن قىلىپ ئۇنىڭغا:

— ئوغرى دىگەن بەزىدە مەردلىك بىلەنمۇ ئوغرىلىق قىلىدۇ. قىلغان ئىكەنسەن، قىلدىم دىسەڭ بولمامدۇ؟ —

دەيدۇ.

ئوغرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ لام ـ جىم دېيەلمەي قالىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئاندىن ساقچى باشلىقىغا:

— بۇ ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، كەڭچىلىك قىلىڭلار، — دەيدۇ.

جىنايەت گۇماندارى ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن بېرى ئىقرار قىلمىغىنىغا ئەپۇ سوراپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئىقرار قىلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ئەنە شۇنداق ئەقىللىق، جاسارەتلىك، چارە ـ تەدبىرلىك خەلق رەھبىرى ئىدى.

## خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش

ئىلى دەرياسىدىن ئىبارەت بۇ ئەزىم دەريا، دولقۇن ياساپ ئۆز قوينىغا ئاجايىپ ھېكمەتلەرنى سىڭدۈرۈپ سىرلىق ئېقىۋاتاتتى. بۈگۈن بۇ يەرگە بىر دەمدىلا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر توپلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەر، ئاياللار، ئۇششاق بالىلار، ھەتتا قېرى بوۋاي ـ مومايلارمۇ بار ئىدى. يەنە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، گېنېرال، پولكوۋنىكلىرىدىن تارتىپ ئاددىي ئەسكەرلىرىگىچە بار ئىدى.

كىشىلەرنىڭ چىرايىدا شادلىق بىلەن غەم ـ ئەندىشە توختاۋسىز ئالمىشىپ تۇراتتى.

ئەسلىدە:

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەت ئەپەندىم شەرقتىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن مەركىزىي شەھەر — غۇلجىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

ماشىنا دەريا بويىغا يېقىنلاشقاندا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ نەزىرى تۇيۇقسىزلا دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان سالچىلارغا

چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كالللىسىدىن بىر ئوي تېزلىكتە ئۆتتىدۇ ـ دە، ئاندىن يېنىدىكى شوپۇرغا:

— ماشىنىنى توختىتىڭ! — دەيدۇ.

شوپۇر ۋە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھەمراھلىرى ماشىنىنى نېمىشقا توختىتىدىغاندىمىز ھەيران قېلىشىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم ماشىنىدىن چۈشۈپلا ھەمراھلىرىغا:

— سىلەر كېتىۋېرىڭلار، مەن سالچىلار بىلەن بىللە قايتىمەن! — دەيدۇ.

— ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ — دېيىشىدۇ ھەمراھلىرى ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

— مېنىڭ شۇلار بىلەن بىللە دەريادا ئېقىپ، شۇلارنىڭ تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى بىلگۈم بار، — دەيدۇ، ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— .ئۇنداق تەۋەككۇلچىلىك قىلىسىڭىز بولمايدۇ.

— بۇ مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيۇم. بۈگۈن بۇ پۇرسەتكە ئاران ئېرىشتىم. شۇڭا، مېنى توسماڭلار.

— ياق، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئىش، سىزنى سالچىلارغا قويساق، بىز خاتىرجەم بولالمايمىز، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز.

— خەتەرلىك دەيسىلەر، دۇنيادا خەتىرى يوق قايسى ئىش بار؟ بىز ئۆلۈم خەۋپىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، قانلىق جەڭلەرگە كىردۇقمۇ؟ بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئاشۇ ئوقلار ئارىسىدىن ئۆمىلەپ مېڭىپ، دۈشمەن پوتەيىنى گۇمران قىلدىغۇ؟ ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇغۇ شۇنداق.

— شۇڭا، سىلەر مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭلار، — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم قەتئىي تەلەپپۇزدا.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنى تۇساپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزلىرى يېتىپ ئاخىر:

— مەيلى ئەمىسە، — دېيىشىدۇ.

ئۇلار ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن بىللە بېرىپ، ئۇنى سالچىلارغا قوشۇپ قويماقچى بولۇشىدۇ. ئۇلار دەريا بويىغا كېتىۋاتقاندا ئەخمەت ئەپەندىم ھەمراھلىرىغا، سالچىلارنى تەمتىرىتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئېيتماسلىقنى جېكىلەيدۇ. ھەمراھلىرىمۇ بۇنىڭغا كۆنىدۇ.

بىراق، سالچىلار:

— ياق، بولمايدۇ، بۇ ئويىنىشىدىغان ئىشمۇ؟ — دەپ تۇرۇۋېلىشىدۇ.

— بۇنى بىلىمەن! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بىلگەندىن كېيىن بولمىدىمۇ، كونىلاردا: «بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن گەپ بار، بۇ ئىشنىڭ خەتىرى كۆپ، يەنە كېلىپ بىزنىڭ بۇ كىشىنى غۇلجىغا ئالغاچ كېتىدىغان ۋەزىپىمىز يوق - دە.

— مانا ھازىر بۇ ئىش سىلەرگە ۋەزىپە بولۇپ قالدىغۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلىدۇ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ، سالچىلار ئاخىر گەپكە

كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەخمەت ئەپەندىم سالغا چىقىدۇ.
سال دەريانىڭ تىنچراق بىر يېرىگە كەلگەندە سالچىلار ئەخمەت ئەپەندىمدىن:
— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىشىدۇ.
ئەخمەت ئەپەندىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:
— مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئاددىي ئادەم! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.
دېمىسىمۇ ئەخمەت ئەپەندىم ھەمىشە ئاما ئارىسىدا ئاددىي بىر ئادەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇ سالچىلار بىللە جاپا تارتىدۇ. سەپەر جەريانىدا ئەخمەت ئەپەندىم قىزىق - قىزىق گەپلەرنى، چاقچاقلارنى قىلىپ بېرىپ، سالچىلارنى پەقەتلا زېرىكتۈرمەيدۇ. جاپادىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشچانلىقى، ئىرادىسىنىڭ چىڭلىقى، پەم - پاراسەتلىكلىكى سالچىلارنى تاڭ قالدۇرىدۇ.
شۇنداقتىمۇ سالچىلار گويا ئۇنىڭ كىملىكىنى سېزىۋالغاندەك ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىدىن بەك ئەنسىرىشىدۇ. ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ. ھەممەيلەننىڭ تەلىيىگە يارىشا سەپەر بىخەتەر بولىدۇ، ئۇلار ساق - سالامەت غۇلجىغا كېلىۋالىدۇ.

* * *

قىرغاققا توپلانغان كىشىلەر سال ئۈستىدىكى ئەخمەت ئەپەندىمگە قاراپ ھەدەپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىدۇ، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىدۇ.

سالچىلار بۇ يەرگە بۇگۇن شۇنچىۋالا كۆپ كىشىلەرنىڭ، ھەتتا ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى كاتتا كىشىلەرنىڭمۇ توپلىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران قېلىشىدۇ. بىر چاغدىن كېيىن:

— سالنى قىرغاقتا ئاپرېلىي، مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي! — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم سالچىلارغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن.

سال قىرغاقتا يېقىنلاپ كەلگەندە قىرغاقتىكىلەرنىڭ شادلىق سادالىرى پەلەككە يېتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم قىرغاقتا چىقىشىغىلا توپ ئىچىدىكى بىر تۇركۇم كىشىلەر «ياشىسۇن ئەخمەتجان قاسىمى...» دەپ ئۇنلۇك توۋلاپ، ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالىدۇ. سالچىلار شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ ئەسلىدە ئەخمەت ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەيران قېلىشىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ مۇنداق خەتەرلىك ئىشقا تەۋەككۇل قىلغانلىقىدىن ئەنسىرىگەن ئايالى ماھىنۇر قاسىمىمۇ قىرغاقتا تېز يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلىدۇ. تېخى ئۇ يولدىشى ئەخمەت ئەپەندىم سەپەردىن قايتىپ كەلگۈچە قورسىقى بەك ئېچىپ كېتىدۇ، دەپ ئۆيدە تاماق ئېتىپ ئەكېلىشكىمۇ ئۈلگۈرگەندى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بۇ نېمە ئاۋارىچىلىك؟ — دەيدۇ ئەخمەت ئەپەندىم.

— قورسىقى ئېچىپ كېتىدۇ، دەپ ئۆيدە تاماق

ئېتىپ ئەكەلدىم، — دەيدۇ كۆيۈنگەن هالدا ماهىنۇر قاسىم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ كاللىسىغا دەرهال بىر ئوي كېلىدۇ. ئۇ قاچىدىكى تاماقنى ماهىنۇر قاسىمنىڭ قولىدىن ئېلىپلا تېزدىن، مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان سالچىلارنىڭ يېنىغا بارىدۇ ـ دە:

— قورسىقىڭلار تازا ئاچتى، بۇ تاماقنى ئىسسىقىدا يەۋېلىڭلار! — دەيدۇ.

هاياجىنى تېخى بېسىلمىغان سالچىلار نىمىدەپ رەهمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قېلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: گۆھەرقىز ئۆمەرجان

ئەخمەت ئەپەندىم
(ھېكايىلەر)
ئامان نۇرى ئابدۇرۇسۇل

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى 4.75 قىستۇرما ۋارىقى 40
2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5000 - 1
ISBN 7-228-08191-9
باھاسى 10.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: گۆھەرقىز ئۆمەرجان



ISBN 7-228-08191-9
9 787228 081912 >

7 - 228 - 08191 - 9
定价: 10.00 元